*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

*ۋەتەننى سۆيۈش - ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر*

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى - سىياسىي گېزىتى

**Общественно - политическая газета**
**Общественного объединения уйгуров**
**“Иттипак” Кыргызской Республики**

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 2 (892), февраль, 2022 г.

2022-يىل، ھۇت 2- سان (892)

**-Газета издается с марта 1994 года**

## *В НОМЕРЕ:*



*Ана тили байрими өткүзүлди*
*3-бәт.*



*Җумһурийәтлик «Иттипақ мәшрипи*
*8-9-бәтләр*



*Йезиниң һөрмәтлик ақсақили*
*12-бәт*



*Пятикратный чемпион г.Бишкек*
*15-бәт*



*Әлвида, вәтәнпәрвәр дост*
*15-бәт*

## *2022-ЖЫЛ ТОО ЭКОЛОГИЯСЫН КОРГОО ЖЫЛЫ*

## 2022-يىلى - تاغ ئېكولوگىياسىنى قوغداش يىلى

## *2022 ГОД – ГОД ЗАЩИТЫ ГОРНОЙ ЭКОСИСТЕМЫ*



Кыргызстанда 2022-жыл «Тоо экосистемаларын жана климаттык туруктуулукту коргоо жылы» деп жарыяланды.

Кыргыз Республикасынын Президенти Садыр Жапаров “2022-жылды Тоо экосистемаларын коргоо жана климаттык туруктуулук жылы деп жарыялоо жөнүндө” Жарлыкка кол койду.

Кыргыз Республикасынын демилгеси менен 2021-жылдын 16-декабрында БУУнун Башкы Ассамблеясынын 76-сессиясынын катышуучулары 2022-жылды Туруктуу тоолорду өнүктүрүүнүн эл аралык жылы деп жарыялоо боюнча резолюцияны бир добуштан кабыл алышты.

2019-жылы Кыргыз Республикасы БУУнун «Климаттын өзгөрүшү боюнча» алкактык конвенциясын ишке ашыруунун алкагында Париж макулдашуусун ратификациялады. Кыргыз Республикасынын 2021-жылдагы милдеттенмелери климаттын өзгөрүшүнүн кесепеттери менен күрөшүү планы жана парник газдарынын кыскартуу боюнча глобалдык аракеттерге өлкөнүн салымы болуп саналган Улуттук аныкталган салым (NDC) түрүндө берилген.

Кыргыз Республикасынын Президентинин Жарлыгына ылайык, Кыргыз Республикасынын Министрлер кабинетине 2022-жылдын 1-мартына чейин Тоо экосистемаларын жана климаттын туруктуулугун коргоо жылына карата Жол картасын иштеп чыгуу жана бекитүү тапшырылды.

**«Президентин сайты»**

قىرغىزستان 2022-يىلى تاغ ئېكولوگىيا سىستېمىسىنى قوغداش ۋە كلىماتقا تاقابىل تۇرۇش يىلى دەپ ئېلان قىلىندى.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋ "2022-يىلى تاغ ئېكولوگىيا سىستېمىسىنى قوغداش ۋە كلىماتقا تاقابىل تۇرۇش يىلىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا" پەرمانىغا ئىمزا قويدى.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 2021-يىلى 12-ئاينىڭ 16-كۈنى، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىنىڭ 76-قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشقانلار بىر ئاۋاز بىلەن بۇ قارارنى ماقۇللاپ، 2022-يىلنى خەلقئارالىق تاغ ئېكولوگىياسىنى قوغداش يىلى دەپ ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ 2026-يىلغىچە قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت تەرەققىيات پروگراممىسىنى يولغا قويۇشتىكى ھەرىكەت پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ قارارى بىلەن تەستىقلانغان. 2021-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا ئاساسەن كىلىماتقا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەدبىرلىرى بولۇپ، بۇ قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك ۋە كلىمات ساھەسىدىكى دۇنياۋى نىشانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا، بۇ خەلقئارالىق كلىمات كۈن تەرتىپى دائىرىسىدىكى ئاكتىپ خىزمەتلەرنىڭ داۋاملىششى.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كابىنېتىغا 2022-يىلى 1-مارتقىچە تاغ ئېكولوگىيا سىستېمىسى ۋە كلىماتقا تاقابىل تۇرۇش يىلىنىڭ يول خەرىتىسىنى تۈزۈش ۋە تەستىقلاش بۇيرۇلدى.

يول خەرىتىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ رامكىسىدا، دېھقانچىلىق، ئېنېرگىيە، سانائەت، مۇھىت ۋە كلىمات تەدبىرلىرىنى ۋە تۈرلەرنى يولغا قويۇش، شۇنداقلا ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك ساياھەت، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش، خەلقئارالىق پائالىيەتلەرنى ئىلمىي ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر قارالدى.

**«پرېزىدېنت سايتىدىن»**

В Кыргызстане 2022 год объявлен Годом защиты горных экосистем и климатической устойчивости

Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров подписал Указ «Об объявлении 2022 года Годом защиты горных экосистем и климатической устойчивости».

По инициативе Кыргызской Республики 16 декабря 2021 года участники 76-й сессии Генеральной Ассамблеи ООН единогласно приняли резолюцию об объявлении 2022 года «Международным годом устойчивого горного развития».

Кроме того, одним из приоритетных направлений Плана мероприятий Кабинета Министров Кыргызской Республики по реализации Национальной программы развития Кыргызской Республики до 2026 года, утвержденного постановлением Кабинета Министров Кыргызской Республики от 25 декабря 2021 года № 352, являются меры по климатической устойчивости и экономическому развитию в соответствии с Целями устойчивого развития ООН, что является подтверждением приверженности Кыргызской Республики глобальным целям в сфере экологии и климата, а также продолжением активной работы в рамках международной климатической повестки.

Согласно Указу Президента Кыргызской Республики, Кабинету Министров Кыргызской Республики поручено до 1 марта 2022 года разработать и утвердить Дорожную карту по проведению Года защиты горных экосистем и климатической устойчивости.

В рамках разработки Дорожной карты рассматриваются вопросы реализации экологических и климатических мер и проектов в сельском хозяйстве, энергетике, промышленности, а также проектов по развитию лесного хозяйства, экотуризма, реагированию на чрезвычайные ситуации, проведению мероприятий на международном уровне, научно-практических конференций и т. д.

**«Сайт Президента»**

# О Концепции развития гражданской идентичности Кыргыз жараны в Кыргызской Республике



На основание УКАЗА ПРЕЗИДЕНТА КЫРГЫЗСКОЙ РЕСПУБЛИКИ «О Концепции развития гражданской идентичности Кыргыз жараны в Кыргызской Республике на период 2021–2026 годы»

17 января 2022 года, председатель Кабинета министров Акылбек Жапаров распоряжением Кабмина № 341-р утвердил план мероприятий по реализации Концепции развития гражданской идентичности Кыргыз жараны на 2021-2026 годы.

*Основными принципами Концепции являются:*

- Ориентированность на соблюдение закрепленных конституционных норм и законов КР;
- Равенство и недискриминация граждан КР независимо от этнической, религиозной, социальной и региональной принадлежности;
- Добровольность, уважение и признание многообразия, обеспечение баланса между правами и обязанностями граждан, позициями различных групп, придерживающихся различных точек зрения;
- Взаимодействие и партнерство всех заинтересованных сторон в развитии и продвижении гражданской идентичности и государства.

В свою очередь, целью Концепции является развитие благоприятной среды для развития и продвижения гражданской идентичности – «Кыргыз жараны».

*Приоритетные направления:*

1. Формирование осознанного понимания гражданской идентичности «Кыргыз жараны»;
2. Укрепление единства народа Кыргызстана, повышение толерантности и сохранение уважения к ценностям многообразия;
3. Развитие и продвижение государственного языка, сохранение и развитие многоязычия;
4. Создание равных условий в доступе к управлению и процессам принятия решений;
5. Повышение доверия к политическим институтам и органам государственной власти.



*Ожидаемые результаты:*

- обеспечены условия и запущены механизмы продвижения гражданской идентичности «Кыргыз жараны» и осознание всеми гражданами себя кыргыз жараны;
- граждане КР проявляют гражданскую активность в общественно-политической и социально-экономической жизни страны (рост участия в выборах, в уплате налогов, в процессе принятия решений на местном уровне и др.);
- созданы условия для развития государственного языка и владения государственным языком всеми гражданами КР;
- созданы условия для сохранения и развития многоязычия и многообразия;
- представленность разных этнических сообществ в системе государственного управления, включая судебные и правоохранительные органы и органы местного самоуправления;
- повышено доверие граждан к политическим институтам и органам государственной власти.

Как известно, управление реализацией Концепции будет осуществляться в соответствии с Конституцией, законами КР и Стратегией развития КР на 2018-2040 гг и другими нормативными правовыми актами, а также правовыми нормами, вступившими в установленном порядке в силу согласно принятым международным обязательствам.

***3-4 февраля 2022 года в конференц-зале Министерства культуры, информации, спорта и молодёжной политики Кыргызской Республики состоялось мероприятие для ознакомления и обсуждения плана мероприятий Концепции развития гражданской идентичности Кыргыз жараны в Кыргызской Республике на период 2021-2026 годы. В мероприятии активно приняли участие руководители и представители этнических общественных объединений Ассамблеи народа Кыргызстана. Со стороны общества уйгуров «Иттипак» принял участие в данном мероприятии заместитель председателя Общественного объединения уйгуров КР «Иттипак» Акбар Баудунов.***

**Подборка из интернета.**

# ВИЗИТ ВЕЖЛИВОСТИ ДЕЛЕГАЦИИ ИЗ КТУ «МАНАС»

2 февраля этого года в офисе Общественного объединения уйгуров «Иттипак» КР состоялась встреча руководства Общества «Иттипак» с делегацией Кыргызско - Турецкого университета «Манас» во главе с его ректором Алпасланом Джейланом.

Со стороны Общества «Иттипак» участвовали: председатель Общества «Иттипак» Аскар Касымов, председатель Совета Аксакалов Общества «Иттипак» Музаппархан Курбанов, заместитель председателя Общества «Иттипак» Акбар Баудунов, главный редактор газеты «Иттипак» Зумрат Рузиева и Абдурахим Хапизо.



В ходе данной встречи были обсуждены и затронуты исторические моменты двух народов - уйгуров и турок, общие культурные и исторические корни тюркских народов и их культурные взаимоотношения и братства. Были достигнуты согласование в сфере образования и вопросыпоступления нашей молодёжи в турецкие вузы, в частности о поступлении в Кыргызско - Турецкий университет «Манас».

Встреча прошла в тёплой и дружественной обстановке.

***Соб. Корр.***

**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئوسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا

**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №278, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**

**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# Всемирный день родного языка в г.Джалал-Абаде




21 февраля 2022 года в г.Джалал-Абаде по инициативе мэрии города в музыкальной школе имени Глинка было организовано мероприятие, посвящённое к Дню всемирного родного языка. ООУ «Иттипак» жамияти» Джалал-Абадаской области участвовало в данном мероприятии. Председатель Женсовета «Иттипак» по Джалал-Абадской области Рахиля Сангилова и представители молодёжного крыла Рабия, Сабина Сангиловы и Шамсия Рустамова организовали танцевальную программу. Ученики «Нур Билим» им.К.Батырова г.Джалал-Абада исполнили уйгурские национальные танцы.

**Соб.корр.**

# ТОҚМАҚТА «АНА ТИЛИ КҮНИ» БАЙРИМИ ӨТКҮЗҮЛДИ

1999-жили, ЮНЕСКОниң умумий жиғинида 21-феврал «Хәлиқара ана тил күни» дәп елан қилинған еди. Қирғизстан хәлиқара җәмийәтиниң толуқ әзаси вә ЮНЕСКОниң әзаси болуш сүпити билән, ЮНЕСКО вә башқа хәлиқаралиқ вә инсанпәрвәрлик тәшкилатларниң барлиқ түрлирини толуқ қоллап, дөләтниң көп хиллиғи вә кәң қорсақлиғиниң тәрәққиятиға шараит яритип бәрди.

Бу байрам Қирғизстанда һәр жили, һәр қайси қатламларда: мәктәпләрдә, балилар бағчилири, университетлар-



да, һөкүмәт тәрәптин өткүзүлиду. Шуңа, 2-айниң 21-күнидин башлап «Ана тил ейи» елан қилинди. Бу рамка ичидә Қирғизстанда яшайдиған хәлиқләрниң мәдәнийәт вә тилиниң көп хиллиғини әкс әттүридиған паалийәтләр өткүзүлиду. Шуңа, 2-айниң 27-күни «Иттипак» җәмийитиниң Аяллар комитети, шундақла Тоқмақ шәһиридики уйғур мәһәллисиниң тиришчанлиғи билән 7-11 яшлиқ балилар үчүн паалийәт өткүзүлди. Бу паалийәт кичик балиларни өзиниң ана мәдәнийити билән тонуштуруш, тил муһитиға киришиш, ана тилни үгүнишкә қизиқиш мәқситидә уюштурулған. №1 - мәктәп-гимназия оқутқучилири Н. Ю. Пулатова вә Ф.А. Мәтмусаева һәр хил вәзипиләрни тәйярлиди. Паалийәт нәтижисидә, 16 бала Тоқмақ шәһириниң хәр хил мәктәплердин қатнишип, балилар: явайи вә өй һайванлириниң исимлири қандақ атилиду, уйғур тилида 10 ғичә санаш, көктат билән мевәчевиләрни пәрқ қилиш, шундақла һәптиниң күнлириниму атайдиғанларни үгәнди. Бу пәқәт Токмак балилириниң ана тилини үгинишидики биринчи қәдәм болди.

«Иттипак» җәмийәти Аяллар комитетиниң рәиси Турсунай Ислам ейтқандәк, заманивий шараитта, уйғурлар өз ана тилиға алаһидә һәсәт қилиши вә уни қәдирлиши керәк. мошундақ кичик қәдәмләр билән ана тилни, мәдәнийәтни билиш вә тилға болған муһәббәт башлиниду.

Бу ана тил байрими мәрикисиниң ахирида, балиларға байрам идеясини әкис әттүридиған соғат-мукапатлар уйғур елипбәси вә доппилар тапшурулди.

Мән ата-аниларға вакалитән Б. Пулатов вә Н Пулатоваларға шәхсий «Пияла» қафеханисиға, шундақла «Иттипак» җәмийити Аяллар комитетиниң рәиси Турсунай Ислам вә Аяллар комитетиниң әзалири Асийәм Малабакиеваға, Ибадәт Нурумова вә «Тәңри тағ садалири» радио каналиниң мухбири Нилупәр Һашимоваларға мошу паалийәткә қатнашқанлиғи үчүн чоңқур миннәтдарлиғимни билдүримән.

**Зүмрәт Һаким Рози**

# ДУНИЯ УЙҒУР ҚУРУЛТЕЙИНИҢ УМУМИЙ ЖИҒИНИ ӨТКҮЗҮЛДИ

Дуния уйғур қурултейиниң рәиси Долқун Әйса әпәндимниң бевоситә риясәтчилигидә 27 – февраль күнидә чақирилған қурултай умумий вәкилләр жиғинида Россияниң Украиниға қилған тажавузи вә униң хәлиқарада уйғур давасиға көрсүтидиған тәсири мәсилиси жиғинниң асаслиқ музакирә темиси болди.

Тарихтин буян хитай тажавузчилириниң зиянкәшлигигә учрап кәлгән вә һазирму һәм хитай мустәмликичилириниң иркий қирғинчилиғиға дучар болуватқан Шәрқий Түркистан хәлқиниң Россияниң Украинагә қаратқан тажавузчилиғиға ләнәт оқуйдиғанлиғини бирдәк һалда тәкитләшкән қурултай вәкиллири, өзлириниң һәр заман украин хәлқи билән һәмнәпәс екәнлигини вә украин хәлқиниң тезирәк Россияниң тажавузидин қутулушини арзу қилидиғанлиқлирини ипадә қилишти. Жиғинда Россияниң Украинагә қаратқан тажавузиниң арқа көрүнүши, умумий жәрияни вә униң хәлиқаралиқ тәсири һәққидә мәхсус мәлумат берип өткән Дуния уйғур қурултейиниң муавин рәиси, стратегия мутәхәссиси доктор Әркин Әкрәм әпәндим, Россияниң Украиниға қилған тәҗавузи сәвәвидин уйғурлар мәсилисиниң хәлиқарадики тәрәққиятиғиму бәлгилик дәрижидә сәлбий тәсир көрсәткәнлигини, хәлиқараниң вә дуния мәтбуатлириниң әң асаслиқ күн тәртиплириниң биригә айланған уйғур иркий қирғинчилиғи мәсилисиниң Россияниң Украинагә башлиған тажавузи сәвәвидин бир мәһәл хәлиқараниң күн тәртивидин чүшүп қалғанлиғини тоғрисида сөз болди. Истиқлал марши билән башланған бу нөвәтлик умумий вәкилләр жиғинида қурултайниң бу жил киргәндин буян елип барған умумий паалийәтлири һәққидә доклад бәрип өткән қурултай рәйиси Долқун Әйса вә қурултай Ижраийә комитетиниң рәиси Өмәр Қанат әпәндиләр, Дуния уйғур қурултейиниң әрзи билән қурулған уйғур сот коллегиясиниң өткән жили 12 – айниң 9 – күни елан қилған һөкүмнамисини хәлиқара жамаәтчиликкә толуқ әтирап қилдуруш вә демократик әлләр һөкүмәтлириниң мәзкур һөкүмнамә асасида Хитайға қарши тәхиму күчлүк жаза вә ембарго жүргүзүшини қолға кәлтүрүшнүң қурултайниң нөвәттики әң жиддий вәзипилириниң бири екәнлигини тәкитләп өтүш билән биргә, қурултайниң Англия, Германия, Канада вә Аргентина қатарлиқ дөләтләрниң сотлирида Хитайға қарши башлиған давалириниң давам қиливатқанлиғини вә алдимиздики мәзгилләрдә қурултайниң бу хил давалириниң даирисини йәниму кәңәйтидиғанлиғини ипадә қилишти. Долқун Әйса вә Өмәр Қанат әпәндиләрниң сөзлиридә йәнә уйғур сот коллегияси һөкиминиң хәлиқаралиқ органлар, һөкүмәтләр вә парламентлар үчүн муһим бир қануний асас тикләп бәргәнлигини ипадә қилиш билән биргә, һазирға қәдәр Бирләшкән дөләтләр тәшкилатиниң Дуния уйғур қурултейиниң әң асаслиқ




паалийәт мәркәзлириниң бири болуп кәлгәнлигини, һазир БДТ да уйғурларни қоллайдиған дөләтләрниң санининң 43кә көпәйгәнлигини, қурултайниң Хитайниң тосқунлиғи вә бузғунчилиғиға пәрва қилмай, бунидин кейинму йәнә БДТ дики түрлүк паалийәтлирини үзлүксиз күчәйтиш арқилиқ уйғур иркий қирғинчилиғи мәсилисини һәр заман БТДниң асаслиқ күнтәртивидә тутуп турушқа вә БДТниң Хитайға болған бесимини йәниму ашурушқа тиришидиғанлиғини тәкитләп өттүшти.

Қурултайниң тәшкилий хизмәтлиригә мәсъул муавин рәиси Пәрһат Йоруңқаш әпәндиму жиғинда қилған сөзидә, мустәбит Хитай һакимийитиниң қурултайға қаритиватқан ички – ташқи һужумлири үзлүксиз күчүюватқан бүгүнки һалқилиқ бир пәйттә қурултайниң пүтүн вәкиллириниң сәясий җәһәттә йәниму сәзгүр вә һошияр болуп, қурултайниң план – программилириниң толуқ әмәлгә ашуруши үчүн техиму зор тиришчанлиқ вә пидакарлиқ көрсүтүши лазимлиғини тәкитләп өтти.

Арқидин қурултай рәһбәрлири һәркайси әлләрдики қурултай вәкиллириниң миллий һәрикитимизгә вә қурултайниң хизмәтлиригә мунасивәтлик түрлүк соаллириға әстайидиллиқ билән жавап бәрди.

**ДУҚ ТВ.**

## Студент из США изобрел систему алфавит Брайля для слабовидящих уйгуров

*Развитие происходит в то время, когда пытаются искоренить использование языка.*

Студент колледжа из США и группа уйгурских исследователей создали уйгурскую версию алфавита Брайля в то время, когда китайское правительство работает над искоренением этого языка в Синьцзян-Уйгурском автономном районе (СУАР).

22-летний Харрис Моубрей, студент бакалавриата по международным отношениям в Американском университете в Вашингтоне, округ Колумбия, разработал десятки алфавитов Брайля, которые позволяют слабовидящим людям читать и писать наощупь на исчезающих языках и языках меньшинств по всему миру.

Энтузиаст языка и программист проложил путь уйгурам с нарушениями зрения к чтению и письму на уйгурском языке. Моубрей создал шрифт Брайля для уйгурского языка с помощью уйгурских ученых и




лингвистов из Казахстана, Кыргызстана, США, Германии и Турции.

«Я надеюсь, что этот шрифт Брайля Ugyhur широко используется», — сказал Моубрей.

«Благодаря этому скрипту люди с ослабленным зрением смогут читать, писать, изучать и даже писать электронные письма».

Система Брайля была впервые изобретена в 1825 году французским педагогом Луи Брайлем, который в раннем возрасте потерял зрение на оба глаза.

Новый шрифт Брайля основан на уйгурском арабском алфавите — официальной системе письма, используемой уйгурами, живущими в Синьцзяне, — в которой каждый звук пишется независимо, чего нельзя сказать об арабском или других языках, использующих арабский алфавит.

Моубрей использовал уйгурский арабский алфавит по предложению уйгуров, с которыми он консультировался, потому что он используется чаще, чем версии на основе латиницы или кириллицы, которые в основном используются за пределами Китая.

Но Моубрей сказал, что программа может автоматически изменять текст с уйгурского алфавита на основе арабского языка на уйгурский алфавит на основе латиницы или кириллицы.

«Вы можете использовать эту программу для преобразования одного шрифта Брайля в другой», — сказал он.

Моубрей также создал алфавиты Брайля для групп меньшинств в Румынии, Азербайджане и Польше. Он начал работать над алфавитом Брайля для уйгуров в январе 2021 года.

«Я понял, что многие языки мира, включая уйгурский, не имеют шрифта Брайля, поэтому я начал искать в Интернете и связываться с уйгурами [по этому поводу]», — сказал он. «Создание шрифта Брайля для языка важно, потому что это не только расширяет возможности слепых, но и укрепляет использование их собственного языка, даже когда меньшинства находятся в очень сложной ситуации».


*Харрис Моубрей*

Число людей с нарушениями зрения среди 12 миллионов уйгуров, проживающих в северо-западном китайском регионе Синьцзян, никогда не раскрывалось китайским правительством, которое заблокировало разработку уйгурского шрифта Брайля.

В 2000 году Китай запретил использование уйгурского языка в правительственных сообщениях, что также заблокировало создание уйгурского шрифта Брайля в СУАР. Но независимые лингвисты из ряда университетов все еще исследовали эту тему, сказал Энвер Эхмет, директор базирующегося в Германии Исследовательского центра Всемирного уйгурского конгресса (WUC) и член исследовательской группы по уйгурскому шрифту Брайля.

Начиная с 2015 года уйгурский язык был запрещен в школьных программах в различных регионах СУАР.

Поскольку политика Коммунистической партии Китая в СУАР поставила под угрозу существование уйгурского языка, члены мусульманской общины, живущие за границей, активизировали усилия по его защите.

Энвер сказал, что новый уйгурский алфавит Брайля будет представлен слабовидящим в СУАР только в том случае, если позволят условия.

«Если будет сказано, что наша страна станет независимой или будут созданы соответствующие условия, то этот текст будет представлен нашим слепым братьям и сестрам в нашей стране», — сказал он. Уйгуры называют Синьцзян Восточным Туркестаном и стремятся обрести независимость от Китая.

«Создание уйгурского шрифта Брайля — важный шаг в наших попытках защитить уйгурский язык», — сказал президент WUC Долкун Иса. «Уйгурский шрифт Брайля также гарантирует, что слабовидящие представители уйгурской диаспоры смогут получить доступ к этой части нашего культурного наследия и передать его будущим поколениям».

***Перевод уйгурской службы RFA. Написано на английском языке Розанн Герин.***

## Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисидә «Көк байрақ» көрсәткән Фатиһ Арда Ипчиоғлу зор алқишқа еришти

«Учқан түрк» намини алған түрк тәнһәрикәтчи Фатиһ Арда Ипчиоғлу 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпикиниң чаңға тейилиш түридә һәл қилғуч мусабиқисигә қатнишиш салаһийитигә егә болуш мусабиқиси дәрижигә еришти. Униң бу мусабиқигә бешиға кийгән қалпиғи билән чаңғисиға Шәрқий Түркистанниң ай юлтузлуқ көк байриғиниң рәсими чүшүрүп, уйғурлар билән болған қериндашлиқ бурчини намайәндә қилиши уйғурларни қаттиқ сөйүндүрди. Әнқәрәдики Һаҗи байрам университетиниң оқутқучиси Буләнт Ақсой әпәнди тунҗи болуп Твиттер арқилиқ, «чаңға тейилиш түридә дәрижигә еришкән Фатиһ Арда Ипчиоғлу бешиға кийгән Шәрқий Түркистанниң көк байриғиниң рәсими чүшүрүлгән қалпиғи вә чаңғиси билән мусабиқигә чүшүп Хитайниң зулумиға наразилиқ билдүрди, сени тәбрикләймән Фатиһ Арда» дегән учурни тарқатти.



Мустафа Қарадеңиз исимлик бир әрбап болса Твиттерда «Фатиһ Арда Ипчиоғлу Хитайниң мәркизидә Шәрқий Түркистан байриғи билән мусабиқиға чүшти, рәхмәт саңа жигит қериндишим» дегән тәбрик сөзини тарқатти. Уйғурларму иҗтимаий тараткуларда, «Яшап кәт Фатиһ Арда, қериндашлиқ дегән мана бу, залим Хитайниң көзигә Шәрқий Түркистан байриғини тикқанлиғиңға рәхмәт» дегәндәк язмиларни тарқатти.

Мәзкур хәвәрдә, олимпик мусабиқилиридә сәясий символлар билән рәсмий болмиған байрақларни көрситишниң чәкләнгәнлиги, түрк тәнһәрикәтчиләрдин бу һәқтә соал сориғанда бу қаидигә хилап иш қилғанлиғини қобул қилмиғанлиғи баян қилинған.

Түркия Оттура Асиядин қалса уйғурлар әң көп олтурақлашқан дөләт болуп, 1950-жиллардин тартип, уйғур мәсилиси Түркиядә аңлитилип кәлмәктә. Түркләр уйғурлар яшаватқан уйғур елини «ата юртимиз» дәйду. Дәрс китаплирида түркләрниң уйғурлар билән бир милләт екәнлиги йезилған. 2016-жилиниң ахири җаза лагерлири мәсилиси оттуриға чиққандин тартип, Түркиядики бәзи даңлиқ сәнъәтчи вә тән һәрикәтчиләрму уйғурларниң мәсилисини дуния җамаәтчилигигә аңлитишқа тиришмақта.

Биз бу һәқтә бир жилдин буян Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисини байқот қилишқа тиришиватқан Шәрқий Түркистан аммивий тәшкилатлириниң мәсъуллири билән сөһбәт елип бардуқ.

Дуния уйғур қурултейиниң рәиси Долқун Әйса әпәнди зияритимизни қобул қилип Фатиһ Арда Ипчиоғлу әпәндиниң Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисидә көрсәткән җасаритиниң миллионлиған түрк хәлқиниң авазсиз һалда уйғур қериндашлирини қоллиши екәнлигини баян қилди.

Долқун Әйса әпәнди түрк тәнһәрикәтчи Фатиһ Арда Ипчиоғлу әпәнди 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ олимпикиниң чаңға тейилиш түри бойичә мусабиқисидә уйғурларниң авази болғанлиғини, буниң әслидә олимпикниң роһиға мас келидиған һәрикәт екәнлигини, инсанийәтниң қиммәт қаришини намайәндә қилғанлиғини тәкитлиди.

Истанбулдики «Шәрқий Түркистан тәнтәрбийә вә тәрәққият җәмийитиниң» рәиси Тайир Көкбайрақ әпәнди зияритимизни қобул қилип, Фатиһ Арда Ипчиоғлу әпәндиниң уйғурларни бу шәкилдә қоллишиға рәхмәт ейтидиғанлиғини, Бейҗиң қишлиқ олимпик мусабиқисигә қатнишиватқан башқа мусулман вә түркий милләт тәнһәрикәтчилириниму униңдин өрнәкелишикерәклигинибаянқилди.

Униң бу мусабиқигә, бешиға кийгән қалпиғи билән чаңғисидики Шәрқий Түркистанниң ай юлтузлуқ көк байриғиниң рәсими Хитай дөләтлик телевизиясидиму нәқ мәйдандин көрситилгән.

**Әркин Тарим**

## ئەنگلىيەدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى باشلىنىش ھارپىسىدا ۋە ئولىمپىك باشلانغان بۈگۈن خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر، تىبەت، خوڭكوڭ، تەيۋەن، موڭغول تەشكىلاتلىرىنىڭ مەزكۇر ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا باشلاتقان نارازىلىق ھەرىكەتلىرى يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

3-فېۋرال كۈنى كەچتە ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە خوڭكوڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن لوندوندىكى پىكادىل مەيدانىدا زور كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان بۇ قېتىمقى ھەيۋەتلىك نامايىشقا ئەنگلىيە پارلامېنتى يۇقىرى پالاتا ئەزاسى داۋىد ئىلتون، پارلامېنت ئەزاسى نۇسرەت غانى خانىم ۋە ئافزال خان قاتارلىقلارمۇ قاتنىشىپ سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە خىتاينىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئارقىلىق خەلقئارانىڭ دىققىتىنى بۇرىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى، تىبەتلەر ۋە خوڭكوڭلۇقلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى ھەر پۇرسەتتە تەكىتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.




نامايىشچى ئاما بۇ قېتىملىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى تارقىتىدىغان ئاخبارات ئورگانلىرى، مۇخبىرلار ۋە تېلېۋىزىيە قانالىرىنىمۇ خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا ماسلاشماسلىقنى تەلەپ قىلىشتى. مەيدانغا يىغىلغان مىڭلىغان نامايىشچى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بۇ پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىمۇ قاتتىق ئەيىبلەپ شوئار تۇۋلاشتى.

دئۇك ت ۋ.

## ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھرىدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

4-فېۋرال كۈنى ۋاشىنگتون شەھرىدىكى «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى» نىڭ باشلامچىلىقىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى، «خوڭكوڭنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»، «خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى» قاتارلىق ئون نەچچە تەشكىلات بىرلىشىپ، قىرغىنچىلىقنىڭ ئىجراچىسى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىملىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلىشىغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى.




ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى نامايىشتا سۆز قىلغان"كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى" نىڭ رەئىسى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەۋەتىلگەن سابىق باش ئەلچىسى ئاندرېۋ برېمبېرگ بۇ قېتىمقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بىر مەسىلە سۈپىتىدە «ئولىمپىك روھى» ۋە «ئولىمپىكنىڭ ئاداققى نىشانى» نىڭ بېيجىڭدا ئاشكارا ھالدا دەپسەندە بولغانلىقىنى، ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ خىتايدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشىنىڭ ئورنىغا خىتاينىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى، دۇنيا خەلقى ئاشكارا ھالدا قىرغىنچىلىقنى ئەيىبلەۋاتقاندا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بۇ رېئاللىقنى كۆرمەسكە سېلىپ قىرغىنچىلىققا يەنە بىر قېتىم يول قويغانلىقىنى ئەيىبلىدى. شۇنداقلا ب د ت باش كاتىپى ئانتونيو گۇتتېراسنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە قورچاق قىلىپ ئوينالغانلىقى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مىشېل بەشېلېتنىڭ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلماي بېسىپ يېتىۋالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۆپ قىسىم دېموكراتىك دۆلەتلەر ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىق رېئاللىققا قارىتا سۈكۈت قىلىشنى تاللىۋالغانلىقىنى ئەيىبلەپ «سىلەرگە نومۇس!» دەپ خىتاب قىلدى.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ دىرېكتورى ئۆمەر قانات ئەپەندى بۇ قېتىملىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ «قىرغىنچىلىق مۇسابىقىسى» ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ: «شى جىنپىڭ قىرغىنچىلىقنى ئىجرا قىلغۇچى بولسا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى توماس باخ مۇسابىقە ھەققىدىكى بارلىق تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگۈچى» دەپ كۆرسەتتى.

نامايىشتا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى كرىستوفېر سمىس ئەپەندى ئالاھىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: "2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ساھىبخانلىقى نومۇسسىزلارچە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېرىلگەن ئىدى. مانا ئەمدى بۇ مۇسابىقە باشلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن بىز زۇلۇم قىلغۇچىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىمىز."

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەردىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېلشات ھەسەن، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئەلفىدار ئېلتەبىر، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ خادىمى بابۇر ئىلچى قاتارلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرمۇ ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ھەمدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەتلىرىنى مىسال كەلتۈرگەن ھالدا نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئۈچۈنمۇ زور بىر ئاپەتنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بىر ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ 2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا ساھىبخانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېيجىڭ شەھرىگە بېرىشىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ نىزامنامىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتى ماددىلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكى، بىر قىسىم خەلقئارالىق شىركەتلەر، مەسىلەن، ئالىبابا، كوكا كولا، نېتىل، پاناسونىك، سامسۇڭ، تويوتا قاتارلىقلارنىڭ بۇ قېتىملىق «قىرغىنچىلىق مۇسابىقىسى» نى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى، ماھىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇ خىل قەبىھ جىنايەتلىرىگە شېرىك بولغانلىقىغا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

دئۇك ت ۋ.

## پارىژدىكى ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «دۇنيا ئانا تىل كۈنى» نى ئانا تىل پائالىيىتى ئارقىلىق كۈتۈۋالدى

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئانا پەرزەنتلىرىگە قارىتا تىل تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، ئانا تىل مەكتىپى ئېچىش ۋە ھەر خىل مەدەنىي،



ئىجتىمائىي خىزمەتلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

پارىژ ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى بىر مائارىپ قۇرۇلۇشى بولۇپ، 2017-يىلى قۇرۇلغان. پارىژ ئانا تىل مەكتىپى فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئانا تىل مائارىپى بېرىشنى ئاساسلىق نىشان قىلغان بولۇپ، فرانسىيە شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتى



ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلدا تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سىنىپ ۋە ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىگەن.

پارىژ ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يىللىق «دۇنيا ئانا تىل كۈنى» نى ئالاھىدە تەبرىكلىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى تونۇشتۇرۇلغان. تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنى ئانا تىلنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

پارىژ ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مەھمۇت ئەھمەد زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى ۋە فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر تىلى مائارىپى ھەققىدە توختالدى. ئۇ زىيارىتىمىز داۋامىدا فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئانا تىل مائارىپىنى ئىگىلەش ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

نۆۋەتتە پارىژ ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىدە پەرقلىق ياش ۋە تىل سەۋىيەسىدىكى بالىلار ئۈچۈن ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئانا تىل دەرسلىرىدىن باشقا يەنە ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دەرسلىرىمۇ ئۆتۈلمەكتە ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەر، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدە مىللىي كىملىكنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئانا تىل ۋە ئۇنىڭغا باغلىق مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر ئانا تىلىنى پۇختا ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە.

پارىژ ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۈلزىننا قۇربانجان زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىل مەكتىپىدە ئوقۇش جەريانىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ئۆتتى.

گۈلزىننا قۇربانجاننىڭ ئانىسى ھەبىبە خانىممۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بالىلارنى تەربىيەلەشتە ئانا تىل مائارىپىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى نۆۋەتتە ياۋروپادا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاۋانگارت قۇرۇلۇشلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىلىق ھەر خىل ئىلمىي يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ژۇرنال چىقىرىش، شۇنداقلا ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ياۋروپاغا ئاڭلىتىشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇلى دوكتور دىلنۇر رەيھان خانىممۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىل ھەققىدىكى پائالىيەتلىرى، خىزمەتلىرى ۋە كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەش ۋە قوغداشقا بولغان قىزغىنلىق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە.

ئەزىز

# ДУК һəйъəтлири Ирландияни зиярəт қилди

Дуния уйғур қурултейиниң рəиси Долқун Əйса, Қурултай яшлар комитетиниң мудири Əркин Зунун вə Қурултай Аяллар комитетиниң мудири Зумрəтай Əркинлəрдин тəшкил тапқан қурултай һəйъитиниң Ирландиягə қилған 3 күнлүк зиярити мувəппəқийəтлик ахирлашти. Қурултай һəйъити 22 – февраль күни Ирландия һөкүмитиниң жуқури дəрижилик əмəлдарлири вə Ирландия кеңəш палатисиниң рəиси Марк Дали башчилиғидики көплигəн палата əзалири билəн көрүшүп сөһбəт елип барған вə Ирландия парламентида уйғур иркий қирғинчилиғи һəққидə мəхсус гуваһлиқ бəргəн, бу сəвəптин´22 – февраль күни Хитайниң Ирландиядики баш əлчиханиси Ирландия һөкүмитигə наразилиқ нотиси тапшуруп,»Хитайға қарши бөлгүнчи тəшкилат болған Дуния уйғур курултейи хадимлириниң Ирландия һөкүмəт əмəлдарлири билəн көрүшкəнлигини қаттиқ əйиплəймиз» дəп билҗирлиған еди. Долқун Əйса башчилиғидики қурултай һəйъити Ирландия зияритиниң ахирқи күни болған 23 – февраль күни Американиң Ирландиядики баш əлчисиниң алаһидə тəкливи билəн



əлчиханини зиярəт қилип, баш əлчи вə башқа жуқури дəрижилик дипломатлар билəн мəхсус көрүшүш елип барди. Долқун Əйса əпəндим бу қетимқи көрүшүштə қилған сөзидə, 2021-жили, 1-айниң 19-күни Америка ташқи ишлар министирлигиниң Хитайниң уйғурлар үстидин жүргүзиватқан зулумлирини тунҗи болуп «иркий қирғинчилиқ» вə «инсанийəткə қарши җинайəт» дəп җакарлаш арқилиқ бу җəһəттə дунияға үлгə тиклəп бəргəнлигини, бунуңдин җасарəт вə илһам алған Канада, Англия, Бельгия, Франция, Голландия, Чехия вə Литва парламентлириниңму арқа – арқидин уйғур иркий қирғинчилиғини рəсмий йосунда етирап қилип, қарар мақуллиғанлиғини, уйғур иркий қирғинчилиғи вə уйғур мəҗбурий əмгиги сəвəплик Америка парламентиниң уйғур мəҗбури əмгигини чəклəш қанунини мақуллиғанлиғини, Америка һөкүмитиниңму бу сəвəпликДолқун Əйса башчилиғидики қурултай һəйъити Ирландия зиярити җəриянида йəнə Ирландия уйғур җамаитиниң ақсақили, Дуния уйғур қурултейиниң сабиқ вəкили мəрһум Тəлəт Өмəрҗанниң қəбрисини зиярəт қилип, униң роһи үчүн Фатиһə оқуди. Мəрһум Тəлəт Өмəрҗан 2018 – жили қурултай тəрипидин Җəнвəдики БДТ бинаси алдида өткүзүлгəн зор көлəмлик намайишқа атайитəн Ирландиядин берип қатнашқан вə шу жили қурултай тəрипидин чақирилған тунҗи нөвəтлик Шəрқий Түркистан миллий кеңишигиму вəкил болуп иштирак қилған болуп,у 2020 – жили, 5 – айда Ирландияниң пайтəхти Дублинда алəмдин өткəн.

**ДУК.ТВ.**

# АЛМУТИДА «5-ФЕВРАЛЬ ҒУЛҖА ҚИРҒИНЧИЛИҒИ» НИҢ 25 ЖИЛЛИҒИ ХАТИРИЛƏНДИ

Дунияниң һəр қайси мəмликəтлиридики уйғурлар арисида һəр жили 1997-жил 5-февралда уйғур елиниң Ғулҗа шəһиридə йүз бəргəн уйғур яшлириниң тинич намайишиниң Хитай коммунист һакимийити тəрипидин қанлиқ бастурулғанлиғини хатирилəш бир адəткə айланди. Шу җүмлидин Қазақстандики уйғурларму һəр жили бу тарихий хатирə мунасивити билəн қуръантилавəт қилиш вə башқа усулларда өзлириниң инсаний һоқуқлири үчүн шеһит болғанларни əслəп кəлмəктə.



4-февраль күни Алмута шəһириниң Қайрат мəһəллисидики «Қайрат»» рестораниға җəм болған уйғурлар əнə шу Ғулҗа қирғинчилиғиниң 25 жиллиғини хатирилиди. Мəзкур паалийəткə Алмута шəһири вə униң əтрапидики йезилардин, шундақла Талғар, Панфилов, Əмгəкчиқазақ вə башқиму наһийəлəрдин кəлгəн вəкиллəр билəн җəмий 40 қа йеқин адəм қатнашти.

Мəзкур мурасимға риясəтчилик қилған Дуния уйғур қурултейиниң Қазақстандики вəкиллириниң бири Рəһимҗан Мəнсуров əпəнди бу қетимқи хатирилəш паалийитиниң мəмликəт бойичə корона вируси сəвəвидин тар даиридə өткүзүлгəнлигини əскəртип өтти.

Вəтəнниң азатлиғи вə əркинлиги үчүн қурбан болғанларға атап қуръан оқулғандин кейин, сөзгə чиққан сəясəтшунас Қəһриман Ғоҗамбəрди Ғулҗа 5-феврал қирғинчилиғиниң келип чиқиши, униң сəвəблири һəм савақлири, хитай даирилириниң уйғур елида елип бериватқан сəясий бастуруш һəрикити, Дуния уйғур қурултейиниң йеқиндин буян елип барған паалийəтлири, Дуния җамаəтчилигиниң, хəлиқара тəшкилатларниң уйғурларға нисбəтəн тутқан позицияси һəққидə тəпсилий мəлумат бəрди.

Мурасимда сөзгə чиққанлар 5-феврал Ғулҗа қирғинчилиғиниң бүгүнки уйғур миллий һəрикитидə тутқан орниға жуқири баһа берип, яшларниң тиничлиқ намайишини қураллиқ күч билəн рəһимсизлəрчə бастурған Хитай һөкүмитини қаттиқ əйиплиди. Улар йəнə Хитай коммунист һакимийитиниң бүгүнки күндə уйғур вə башқиму түрк-мусулман хəлиқлиригə қарита жүргүзүватқан қирғинчилиқ сəяситиниң дəрһал тохтитилишини тəлəп қилди.

Алмута вилайити, Талғар наһийəсиниң турғуни Җамалдин Насиров əпəнди, Ғулҗа қирғинчилиғида уйғур яшлириниң өз һоқуқлирини тəлəп қилип, тинич усулда намайишқа чиққан болсиму, əмма хитай қураллиқ күчлири тəрипидин қаттиқ бастурулғанлиғини оттуриға қойди. У мундақ деди: «Мəн Алмутида туруп, шу болған вақиəни аңлап, орнумда туралмай қалдим. Сəвəби, шу яп-яш балилиримизниң соғуқта кочиға чиқип намайиш қилғанлиғи, хитай əскəрлириниң уларға су чечип, қириватқəнлигини аңлап, өзəмгə келəлмəй қалған едим. Тиничлиқ үчүн чиққан балилиримизни Хитай қирип ташлиди. Мана бүгүн шуларни əслидуқ. Қəһриман ака Дунияда болуватқан һазирқи вақиəлəрни, уйғур миллити үчүн болуватқан яхшилиқларни əслитип өтти. Биз шуларни əслигəч, йəнə хəлқимиз үчүн немə ишларни қилимиз, қандақ қилимиз дегəн планларни қурдуқ.»

Ғəйрəт йезиси яшлар мəшрипиниң асасини қурғучи Бəхтишат Мəмəтбақиев əпəнди мундақ деди: «Бизгə яхши мəлумки, 1994-жили Ғулҗида қурулған Или яшлар мəшрипи биринчи нөвəттə уйғур хəлқиниң миллий кимлигини сақлаш вə



тəрғип қилишқа қаритилған еди. Лекин 1949-жилдин буян уйғурларни миллəт сүпитидə йоқитиш сəяситини елип бериватқан Хитай һакимийити бу қетимму планлиқ рəвиштə уйғур яшлириниң миллий аң-сезиминиң ойғинишиниң алдини елиш вə уларниң келəчəккə болған үмүтишəнчисини йоқутуш һəрикитини елип барди вə һазирму давам қиливатиду. Шу сəвəбтин яшлиримиз Ғулҗа кочилириға чиқип, «Бегунаһ тутқунларни қоюп бəрсун!», «Инсаний һоқуқимизни һөрмəт қилсун!», «Бизгə əркинлик бəрсун!» дегəн тəлəплəрни қойған еди. Лекин, Хитай һакимийити өзлириниң һəқ-һоқуқлирини тəлəп қилиш үчүн тинич усулда намайишқа чиққан яшларни рəһимсиз оққа тутти, түрмилəргə қамиди, қийниди. Шуниңдин буян мана чарəк əсир өткəн болсиму, хəлқимизниң көз йеши техичə қурумиди. Бу қирғинчилиқ, хəлқимиз үстидин елип бериливатқан зулум һелиму давам қиливатиду. Шуниң үчүн биз Дуния уйғур қурултейиниң əтрапиға зич уюшуп, Хитайниң бу зулумини, рəһимсизлигини тохтитишқа бар күчимизни селишимиз керəк, яшлиримизниму шу роһта тəрбийəлишимиз керəк, дəп ойлаймəн. Бүгүн сөзгə чиққан акилиримизниң, һəдилиримизниң ейтқанлири мениң үчүн чоң роһий озуқ болди. Мəнму башқилар қатарида вəтəн азатлиғи, хəлқимиз əркинлиги үчүн күрəш қилишни өз алдимға нишан қилип қойдум.»

Алмутида өткəн бу хатирилəш мурасиминиң қатнашқучилири бу мурасимда сөз қилған натиқларниң Долқун Əйса рəһбəрлигидики Дуния уйғур қурултейиниң əтрапиға жиғилип, башқиму тəшкилатлар билəн бирликтə Хитайниң бүгүнки қирғинчилиқ сəяситигə қарши туруш, бирлик вə иттипақлиқни сақлаш, аһалə арисида тəшвиқат ишлирини күчəйтиш, яшларни миллəтпəрвəрлик, вəтəнпəрвəрлик роһта тəрбийəлəш вə башқиму тəклиплирини бир еғиздин қоллиди.

**Ойған**

4 ـ فېۋرال كۈنى ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ياپونىيەدىكى تىبەت، خوڭكوڭ ۋە موڭغۇل تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ توكيودىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە موڭغۇل خەلقئارىگە زۇلۇم سېلىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتىگە لەنەت ئوقۇش بىلەن بىرگە، بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا يول قويغان خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنى قاتتىق ئەيىپلىدى.

ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابدۇراھمان ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى نامايىشتا قىلغان سۆزلىرىدە، ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ 1 ـ فېۋرال كۈنى "ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى قارار" نى قوبۇل قىلغانلىقىغا قايتا رەخمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ياپونىيەدىكى ھەرقايسى شىركەتلەرنى ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىگە چېتىلىپ قالماسلىققا دالالەت قىلدى.




دىئۇك ت ۋ.

4 ـ فېۋرال كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە تۈركىيەدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەخپى قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

بۈگۈن باشلانغان بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىگە لەنەتلەر ياغدۇرغان نامايىشچىلىرىمىز، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، ھۆرلۈكى ۋە ئازاتلىقى يولىدا قىممەتلىك ھاياتلىرىنى تەقدىم قىلغان غۇلجا شەھىدلىرىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ روھلىرى ئۈچۈن فاتىھە ۋە دۇئالار ئوقۇشتى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەرىپىدىن نامايىش مەيدانىدا ئېلان قىلىنغان باياناتتا، خەلقارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتالغان 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىكىنى خىتايدەك زالىم بىر دۆلەتتە ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇشىنىڭ ئولىمپىك تارىخىغا چۈشكەن بىر قارا داغ ئىكەنلىكى تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن، ياۋروپا بىرلىكىدىن، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن، تۈركىي دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىدىن ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىدىن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دەرھال توسۇپ قېلىش ئۈچۈن خىتايغا قارشى يەنىمۇ ئۈنۈملۈك جازا تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىندى.

ئۇندىن باشقا 4 ـ فېۋرال يەنە كانادا، گېرمانىيە، بىلگىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدىمۇ يۇقارقى مەزمۇنلاردا نارازىلىق نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

دىئۇك ت ۋ.


تۈرۈلتىيىمىزنىڭ 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنى باشلىنىدىغان 4 ـ فېۋرال پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا بىر تۇتاش ھالدا نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى چاقىرىقى


دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ يىل 13 ـ يانۋار كۈنى مەخسۇس چاقىرىقنامە ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىزنى، سەياسى پائالىيەتچىلىرىمىزنى ۋە ئاۋام خەلقىمىزنى بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى باشلىنىدىغان 4 ـ فېۋرال كۈنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە ھەم بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىش، ھەم غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 25 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر تۇتاش ھالدا كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا چاقىرغان ئىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈگۈن،يەنى 4 ـ فېۋرال كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنېيد، مەلبۇئۇرنە ۋە ئادەلايد شەھەرلىرىدە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ 25 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن تىبەت ۋە خوڭكوڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا سىدنېي شەھەر مەركىزىگە توپلانغان نامايىشچىلار بۈگۈن باشلانغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى يەنە بىر قېتىم بايقۇت قىلىش بىلەن بىرگە، خىتايدەك زالىم ۋە دىكتاتور بىر دۆلەتتە ئولىمپىك ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان خەلقارا ئولىمپىك كومىتېتىغا لەنەت ئوقۇشتى.

ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مەلبۇئۇرنە شەھەر مەركىزىگە توپلانغان نامايىشچىلىرىمىز، ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە موڭغۇل خەلقلىرىگە زۇلۇم سېلىۋاتقان خىتايدەك بىر زالىم دۆلەتتە ئولىمپىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە يول قويغان خەلقارا ئولىمپىك كومىتېتىنى قاتتىق ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى، بولۇپمۇ ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئەمەلىي جازا تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشتى.

ئارقىدىن نامايىشچىلار مەخسۇس ئاپتوموبىل كارۋىنى تەشكىللەپ، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز بىلەن بېزەلگەن ئاپتوموبىللار ئارقىلىق پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ نامايىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇندىن باشقا يەنە ئاۋستىرالىيە تەڭرىتاغ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا ئادەلايد شەھرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا توپلانغان نامايىشچىلىرىمىز، بۈگۈن باشلانغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىگە لەنەتلەر ياغدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ 5 ـ فېۋرال غۇلجا شەھىدلىرىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادە قىلىشتى.

بۇ قېتىمقى نامايىش ئۆزگىچە تۈس ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قايتا خاتىرلىتىپ ئۆتكەن تەشكىلات رەھبەرلىرى، ئاۋستىرالىيە پارلامېنتىنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى 7 غەرب دۆلىتىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ مەخسۇس قارار چىقىرىشقا چاقىردى.

دىئۇك ت ۋ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى ئىشخانىسى «ياۋروپا موسولمانلار مۇنبىرى» نىڭ رەئىسى ئابدۇل ـ ۋاكەھد نىيازوۋ ئەپەندىمگە مەكتۇپ يوللاپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىسا ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچار بولۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا ساھىپ چىقىش ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

مەركىزى بىلگىيەنىڭ پايتەختى برۇسىلگە جايلاشقان «ياۋروپا موسولمانلار مۇنبىرى» بولسا، پۈتۈن ياۋروپادىكى يەرلىك موسولمان خەلقلەرنىڭ ئەڭ يۇكسەك ۋەكىللىك ئورگىنى بولۇپ، ياۋروپادىكى مەشھۇر دىنىي ئۆلىمالار ۋە مۇتەپەككۇرلاردىن تەشكىل تاپقان مەزكۇر تەشكىلات بولۇپمۇ روسىيە، شەرقىي ياۋروپا ۋە بالقانلاردا زور نوپۇس ۋە تەسىرگە ئىگە.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن خېلى يىللاردىن بۇيان يېقىن ھەمكارلىق ئىچىدە بولۇپ كەلگەن «ياۋروپا موسولمانلار مۇنبىرى» 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدا بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنى شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىۋاتقان خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقان، موسۇلمانلارنىڭ ئاۋازىنى بوغۇۋاتقان، مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى زاجا لاگېرلىرىغا قاماپ، ئۇلارنى ئېغىر دەرىجىدە خورلاۋاتقان، شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىنى مەجبۇرى تۇغماس قىلدۇرۇۋاتقان تاغدەك پاكىتلارنى كۆرمەسكە سېلىپ 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈشىگە يول قويغانلىقىنى قاتتىق ئەيىپلىگەن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەر زامان يېقىن ھەمكارلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىستانسىمىزغا قىلغان سۆزىدە، كېيىنكى مەزگىللەردىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەردىكى موسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە زۇلمىغا قارشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىغانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى سەۋەبلىك موسۇلمان دۇنياسىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىسلام ئەللىرىنى ئۆزىگە تارتىشقا ۋە ئۇلارنى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ ئاما ھەققانىيەتپەرۋەر كۆپلىگەن موسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە موسۇلمان جامائەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە بىر ـ بىرلەپ سۈكۈتىنى بۇزۇپ خىتايغا قارشى مەردانىلارچە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.




ياۋروپا موسولمانلار مۇنبىرىنىڭ بولسا شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرى مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۈنتەرتىپلىرىنىڭ بىرى قىلىپ كەلگەنلىكىنى خاتىرلىتىپ ئۆتكەن دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەزكۇر تەشكىلات بىلەن ھەر زامان يېقىن دىيالوگ ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە بولۇپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى.

دىئۇك ت ۋ.

# Қирғизстан җумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипи өткүзүлди






Әскәр Қасими





Усман Турди



Ғәйрәт Жаһанов





Қәрим һажи Насиров



Аблимит Моллабақиев



Мәһәммәтимин Ниязов

19-февраль күни Бишкәк шәһиринин «Ават» кафесида Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң уюштурушида новәтлик Қирғизстан жумһурийәтлик мәшрипи болуп өтти. Бу өткизиливатқан Қирғизстан җумһурийәтлик мәшрәпләр 2020-2021-жиллардики коронавирус жуқумлуқ ағриғи сәвәвидин өткүзүлмәй қалған еди.

Бу мәшрәпкә Бишкәк шәһиридики, Чуй вилайити йезилиридики жигитбешилири башлиқ оттуз оғул мәшрәп әһли актив қатнашти.

Бу новәтлик мәшрәпкә Чуй вилайити, Панфилов наһийәси, Чалдовар йезисиниң жигитбеши Абду-Нәби Қасим вә мошу вилайәтниң Москва наһийәси, Беловодское йезисиниң жигитбеши Сраждин Кәрим башчилиғидики оттуз огул мәшрәп әһли саһипханилиқ қилишти. Бу мәшрәпкә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити рәисиниң орунбасари Әкбәрҗан Бавдун риясәтчилик қилди.

У мәшрәпниң ечилиши сөзидә мундақ деди:

«Ассаламу әләйкум, Һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, яхшиму сизләр.

Биз бүгүн Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипимизни қайтидин башлидуқ». Өзәңларға мәлум болғинидәк, пандемия ағриғи сәвәви билән мәшрәп өткүзүш имканийити болмай қалған еди. Әнди биз давамлиқ үч айда бир қетим мәшрәпни өткүзимиз.

Һәммиңларға мәлум, 1997-жили 5-февраль күни Ғулҗа яшлири хитай даирилириниң мәшрәп оюнини чәкләш сәяситигә наразилиқ билдүрүп намайишқа чиққан еди. Бирақ, Хитай һакимийити қуралланған сақчиларни ишлитип, тинич намайишқа чиққан яшлиримизни оққа тутқан. Нәтиҗидә, нәччә онлиған яшлар қурбан болуп, нәччә юзлигән яшлар яридар болған вә нәччә миңлиған яшлар түрмиләргә соланған. Хитай даирилири февраль вақийәсигә қатнашқан дәп онлиған яшларни өлүм җазасиға, нәччә юзлигән яшларни он нәччә жиллиқ вә муддәтсиз қамақ җазасиға һөкүм қилди.

Бизниң бүгүнки мәшрипимиз әнә шу 1997-жили, 5-февралда Ғулжа шәһиридә юз бәргән февраль қанлиқ вақиәсигә беғишлиниду.

Хитай һөкүмити бүгүнки күндә уйғурларниң мәдәнийитини, үрп-адәтлирини вә әнъәнилирини йоққилип, уйғурлар үстидин иркий қирғинчилиқ жүргүзиватқан бүгүнки күндә, биз, Қирғизстанда яшаватқан уйғурлар, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити тәрипидин уюштурулған Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипини давамлаштуримиз.

Һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, мәшрәпни башлашниң алдида Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәрҗан Қасимни сөзгә тәклип қилимиз.

Рәис өз сөзидә мәшрәп әһлини қизғин тәбрикләп төвәндики сөзләрни тәкитләп өтти:

«Һөрмәтлик, оттуз оғул мәшрәп әһли, һәммиңларға мәлум болғинидәк 2018- жилдин кейин бизниң мәшрипимиз тохтап қалған еди. Бүгүн биз Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипимизни қайтидин башлидуқ. Уйғур хәлқи қедимдин тартип мәдәний әнъәнилиримизниң бири болған мәшрәпни ойнап кәлгән. Мәшрәп кишиләрни әдәб-әхлақ билән тәрбийәләштә чоң роль ойнайду.



Шуңлашқа, мәшрипимизгә яшларни көпәрәк җәлип қилишимиз керәк. Яшларға мәшрәп қаидилирини үгүтишимиз керәк. Мәшрипимиз буниңдин кейин тохтап қалмисун. Мәшрипимиз гүлләнсун.»

Риясәтчи мәшрәп әһлигә вә меһманларға «Иттипақ» мәшрипиниң баш жигитбешини, қазибегини, пашшапбегини, көлбегини вә дарибәгләрни тонуштуруп өтти. Кейинки сөз Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипиниң баш жигитбеши Сидиқжан Юсупһажиевқа берилди. У мундақ деди:

«Һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли. Бизниң мәшрипимиз пандемия сәвәвидин бирнәччә жил тохтап қалған еди. Худаға шүкри бу жил мәшрипимизни башлидуқ. Һәммиңларниң мәшрипимизгә кәлгиниңларға рәхмәт ейтимән. Бүгүнки мәшрәптә яхши дәм елип, хошал кәйпиятта болушиңларни сораймән».

Қазибеги Ғәйрәт Жаһанов мәшрәп қаидилири вә тәртиплири тоғурлуқ қисқичә тохтулуп мундақ деди:

(Давами 9-бәттә)

# Қирғизстан җумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипи өткүзүлди


Алимҗан Рози



ансамбль «Итизар»


Шухрәт Яқуп


Инамҗан Һошур












(Ахири. Беши 8-бәттә)

«Қирғизстан җумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипини башлиғинимиз яхши болди. Мәшрәп кишиләрни тәрбийәләйдиған мәктәп. Хәлқимиздә «Балаңни мәктәпкә бәр, андин кейин мәшрәпкә бәр» дегән гәп бар. Мәшрәпниң өз алдиға түзүм-тәртиплири бар. Мәсилән, мәшрәпкә кечикип келишкә болмайду, чай тартилмастин бурун үстәлгә қол тәккүзишкә болмайду, рухсәтсиз талаға чиқишқа болмайду вә башқа шуниңға охшаш мәшрәпниң тәртип интизамлири бар. Әнә шундақ мәсилиләр көрүлсә, пашшап бегиниң әрзиси билән җәриман селиниду. Һәммиңлар бүгүнки мәшрәптә яхши дәм елиңлар».

Нөвәттә мәшрәп жигитбешиниң рухсәт бериши билән мәшрәп башланди. Мәшрәптә Қирғизстанда тонулған вә хәлиқ ансамбли дәп нам алған «Интизар» сәнъәт групписиниң әзалири: Әркин Садиқ (ансамблниң бәдиий рәһбири), Рәпкәт Юсуп, Таир Хатбақиев вә Сраждин Һошурлар уйғур миллий саз-нахшилирини орунлап бәрди.

Шундақла, мәшрәп җәриянида Қирғизстанда тонулған нахшичилиримиз Шухрәт Яқуп, Инамҗан Һошур вә Алимҗан Розилар өзлириниң йеқимлиқ нахшилири билән мәшрәп кечисини қизитип бәрди.

Мәшрәп давамида уйғур уссулини чирайлиқ, маһарәт ойниғанларға соғатлар тапшурулди.

Конкурстин кейин риясәтчи уйғур тарихи вә әдәбиятиға аит тепишмақлар оюнини башлап, Лутпулла Мутәллипниң «Жилларға жавап» шеирини оқуп бәрди. Мошу тепишмақларни тапқанларға соғатлар тапшурулди. Мошу жили көрнәклик демократ шаиримиз Л. Мутәллипниң туғулғиниға 100 жил толуду. Мошу мунасивәт билән риясәтчи алдимиздики өткүзүлидиған чоң мәшрәп Л. Мутәллипниң туғулғининиң 100 жиллиғиға беғишлидиғанлиғини тәкитләп өтти.

Гүл чай ойини башлинишидин бурун, мошу гулчай оюни тоғрулуқ һөрмәтлик ақсақилимиз Усман Турди акимиз қисқичә сөзләп, чүшәнчә берип, бир куплет қошақни ейтип, оттуз оғул мәшрипиниң бир әзасиға гүл чайни сунуп, гүл чай оюнини башлап бәрди.

Гүл чай җәриянида бир қанчә үстәл мәшрәп әһиллири нахша-уссулларни иҗра қилишти вә шеирларни оқушти.

Мәшрәп қаидиси бойичә, гүлчайдин кейин дава-дәстур болуши керәк еди, лекин вақитниң қисқилиғидин дава-дәстур болмай қалди.

Мәшрәпниң ахирида келәрки мәшрәпниң саһипханилири мәсилиси қаралди. Лебединовка йезисиниң жигитбеши Әркин Вильямов келәрки мәшрәпни Лебединовка йезиси оттуз оғул мәшрәп әһлигә беришини Қирғизстан җумһурийәтлик мәшрипиниң баш жигитбеши вә қазибегидин рухсәт сориди. Мәшрәп жигитбеши билән қазибеги Әркин Вильямовниң тәкливини қанаәтләндүрди.

Бу мәшрәпниң достанә, хуш, яхши кәйпиятта өтүшигә, биз, мәшрәп әһли «Интизар» хәлиқ ансамблиниң һөрмәтлик, маһир сазәндә – нахшичилири Әркин Садиққа, Рәпкәт Юсүпқа, Таир Хатбақиевқа, Сраждин Һошурларға вә алтун авазлиқ, сөйүмлүк нахшичи инилиримиз Шухрәт Яқупқа, Алимҗан Розиға вә Инамҗан Һошурға өзимизниң чоңқур миннәтдарлиғимизни изһар қилимиз.

Пашшапбәг Исмаил Әнсәр, көлбеги Халмурат Турди вә дарибәг Әркин Садиқлар мошу мәшрәпниң муваппәқийәтлик өтишигә өзлириниң актив үлушлирини қошушти.

Сөзимизниң ахирида шуни тәкитләп өтүшимиз керәкки, ата-бовилиримиздин көп әсирләрдин бери ойнап келиватқан мошу бебаһа бизниң миллий оттуз оғул мәшрипимиз буниңдин кейинму давам қилинивәрсун!

**Абдурәхим Һапизи.**

**Муәллипниң фотосүрәтлири.**

# ӘВЛАТЛАР ИЗИ БИЛӘН

(шаир, журналист Иминжан Исмайил оғли Тохтияров 60 яшта)

Өткəн жили көрнəклик шаир, журналист Иминжан Тохтияров йеңи шеирлар топлимини мениң көз жүгəртип чиқишимға елип кəпту.

–Ака, қарап көрсəң. –Абдумежит акам Дөлəтов һаят болғинида, бу вəзипə саңиму тəгмəтти, –дəп чақчақ арилаш гəп қилғинида ерəң қилмидим.

–Мавзусини қоймапсəнғу?– соридим.

–«Тенигəн арман»,–ака. –Бу мениң тенигəн арминимни тапқиним...

–Һой, бир қисмилиғу? Қулаққа хуш яқмайду..?

–Кейин хуш йеқип қалар. Илтимасим шу болсун, ака, тонушуп чиқсаң,– дегəн бойи қолязмини қалдуруп кəтти.

Тонуштум. Мана, мошу чағда биракла билдим. Сиртидин қарисаң яш, оттура бойлуқ, чачлирини əндила ақ арилиған бу жигитниң 60 яшқа келип қалғанлиғини сəздим. Бунилдин қирик жил илгири Қазақстан уйғур əдəбиятиға дадил қəдəм басқан, кейинки вақитларда һаят қайнимида урулуп-соқулуп жүрсиму, амма роһини йоқатмай иждат қилип келиватқан шаир Иминжанниң қол язмисини көздин кəчүргəч, шаирни узақ жиллардин кейин қайта көрүшкə, оқушқа башлидим. «Варислар нахшиси», «Жүрəк тəвригəндə», «Мəн сени сеғинғанда», «Долана», «Миң сəвдалар чүшсиму башқа», «Тумарим», «Күзги бағлар» топламлири көз алдимдин тизилип өтти.

Кол язминиң биринчи бетигə берилгəн төвəндики шеирни қайта-қайта оқуймəн...

Тенигəн арман,
Ечилмай солған.
Гүлгə охшайду,
Үшшүктə қалған.

Тенигəн арман,
Мисали карван.
Дəшти-чөллəрдə,
Адишип қалған..,

Тенигəн арман,
Тутулған асман.
Дастан тимсали,
Йезилмай қалған.

Күндүз вə ахшам,
Бəрмигəн арман.
Сəн аһу зарим,
Тенигəн арман...

Адəмзатни, инсан балисини адашмас арзу-арманларға, бүйүк мəхсəтлəргə, пəлсəпə ой-пикирлəр дуниясиға йетəклəйдиған қандақтур бир тилсим күч мəзкүр қурларға йошурунғандəк билинди маңа. Мени ойландуруп, һəлəйкүнгə салди. Кейинки шеирға йөткəлдим...

Мəн сени нахшамда күйлəймəн жутум,
Қойнуңда көзүмни ачқиним үчүн.
Сүргүнсəм йөлəнчим болдуң сəн мениң,
Бəхтимни өзəңдин тапқиним үчүн...

Бу қурлар мени əриксиз туғулған йəр, атақлиқ Сирдаш шеирлирида күйлəп өткəн даңлиқ Байсейит жутини көз алдимға кəлтүрди. «Қанчə тенигиним билəн йəнила сəн, женим жутум, мени еғир күнлəрдə бағриңға бастиң» демəкчи болғанлиғини қол язминиң иккинчи бетигə берилгəн шеирдинла сезивалдим. Достлуқ, вəтəн, сөйгү-муһəббəт, садақəт кəби китапхан қəлбигə йеқин өлмəс мавзуларниму өз ичигə апту.

... Дəймиз йəнə ечип көкрəк-кучақни,
Долқун охшаш ташлап егиз ғулачни.
Өчəрмисə екəн дəймиз, əвлатлар,
Та əбəткə биз яққан от-чирақни! –

мисралирини маңа беғишлапту. Есимға, дəслəпки тонушқанлиримиз, шаир акимиз Абдумежит Дөлəтов билəн бирликтə иждаткарларниң «Тəңритағ» əдəбий бирлəшмисини қуруп, яшларни əдəбият мəйданиға жəлип қилғанлиримиз кəлди. П. Мəхсəтова, Г. Хошаева, Г. Насирова, Г. Авутова, Т. Нурахунов, Қ. Разақов кəби яшлиримиз қатарға дəллиң кирип келиведи. Һəтта шеирий мисраларни бүгүнки шеириййитимизниң пешиваси, шаирə, алимə Патигүл Мəхсəтоваға беғишлаш билəн шаирға болған һөрмитини баян қилиду.

... Шаирə
қизимиз Патигүл,
Патигүлүм,
Сəн Зоһраси
иждатта, мəн
Таһириң.
Саңа охшаш пəрини күйлимисəм,
Кимгə керəк у чағда шаирлиғим...

Қазақниң даңлиқ шаири Мукағал Мақатаевниң шаирə Фариза Оңғарсиноваға беғишлап язған:

...Фариза, Фаризажан, Фариза-қиз,
Биримиздин биримиз арилармиз.
Том-том болуп дуканда турмисақму,
Подвалдики архивлардин тепилармиз... шеириниң қурлири ядимға кəлди... Бəлким кимду бирлиригə бу селиштуруш ғəлитə, артуқ билинəр, амма Илия Бəхтияниң ағиниси болған Муқағали Мақатаев билəн Иминжанниң қияпити көз алдимда қатқан бойи туруп қалғини һəқ.

Устазимиз Абдумежит Дөлəтовниң йеқин ағинилири – ғалжатлиқ Худавəди ака Имамзаров, ачиноқилиқ Тохтасун ака Тавакəлов, даңлиқ шаир, язғучилиримизму унтулмиған. Акиларниң уйғур əдəбиятини тəрғип қилиштики əстаидил əмгəклириму шеирий қурларда ипадилəнгинини көрүп наһайити хошал болдум. Бу шеирлар бизниң өтмүшимиз, бəрпа болушимиз, келəчигимиздур. Шу қəдəмгə меңишкə йол ечип, маддий һəм мəнивий ярдəм қиливатқан акилиримизниң өмрини узақ болушини йəнə бир қетим тилидим.

Əндиликтə бу китапқа киргəн шеирлар филолог алимлиримизниң тəтқиқ қилиш мəркизигə, мəнбəсигə айлиниши сөзсиз. Шеирларни оқуш жəриянида йəнə шуни сəздимки, шаир йеңи услубтики йезилған шеирлири арқилиқ шеирийəт мухлислирини өзигə мəптун қилиш билəн биллə уларниң алдида иждадий һесават беришни көзлигəн.

Икки йүз қириққа йеқин шеир билəн тонушқандин кейин мəн униңға «бу сениң иждадиңниң, шиждаəтлик əмгигиңниң дəслəпки йəкүни терикисидə болуши, шундақла, бу китавиңни «нəзмий əсəрлириңниң биринчи томи» дəп атисаң болидекəн дегəн пикирни бəрдим. Шаир иним мениң тəкливимни қобул қилип китавини «Талланма əсəрлиримниң 1 томи» дəп атапту. Бу арқилиқ Иминжан Тохтияров Қазақстан уйғур əдəбиятиға бебаһа һəссə қошти. Амма бу һəқиқəтни өзи сəзмиди. Мəн шундақ ойда. Демəкчи болғиним, Иминжан махтанғанни яхши көрмəйду.

Иминжан Тохтияров шеирлириниң биринчи томини тəйярлаш жəриянида йəнə бир, қаримаққа əрзимəйдиған мəнбəлəргə диққəт ағдурдум. Шаир өз китавини көйүмчан аниси Турахан Сидиқ қизиниң ярқин хатирисигə беғишлапту. Əнди аниси Турахан Сидиқ қизи болса уйғур хəлқиниң классик шаири, улуқ «көч-көчлəрдин» аман қелип Байсейит жутини бəрпа қилған Сейитмуһəммəт Қашийниң нəвриси екəн. Иминжанниң аписи даңлиқ шаирға нəврə болса, Иминжан Тохтияров Сейитмуһəммəт Қашийға ким болиду? Даңлиқ шаиримиз Сейитмуһəммəт Қашийниң əвриси десəк қандақ?! Демəк, Иминжанға шаирлиқ хислəт классик шаир–бовисидин таралған. Иминжан бар, Сейитмуһəммəт Қаший тирик! Иминжан Ғайип бүгүн ғайиптин чүшти! Шундақ əмəсму? Бу қурлар бүгүнки əдəбиятчилиримизға –тəтқиқатчи, алим, шаир, язғучилиримизға асмандин чүшкəн чақмақ кəби билиниши сөзсиз. Амма айниң үзини етəк билəн торап болмиғинидəк, һəқиқəтму алтун кəби бир күни мана мошундақ туюқсизла юлтуз кəби парлап чиқидиғанлиғини мошу қурлардин көрүшкə болиду. Демəк, шеириййитимиз асминида «Қашийниң юлтузи парлиди». Уни йошуруп қалалмаймиз. Бешиңни ташқа ур, урма, бу тарих, йүзлигəн жиллардин кейинки бүгүнки күнниң əң есил һəқиқитидур. «Бир аққан ериқта вақит өтүп жəзмəн йəнə су ақиду», ибарисигə ишəнсəк, келəчəктə тарихий давалиримизму һəл болидиғандəк...



*Иминжан Исмайил оғли Тохтияров*

Очуғини ейтиш керəк, Иминжан буниңдин жигирмə жил илгири достқа садиқлиқниң үлгисини көрсəткəн бирдин бир иждаткар. У қилған оқəтни мəйдисигə «гүрс-гүрс» урған, мəнмəн дегəн хелə оғланлар қилалмиди һəм қилишни халимиди. Қилған һалəттə уларниң келəчигигə палта чепилиши, мəнсивидин, аилисини беқиватқан бир парчə ненидин айрилиши чоқум еди. Амма Иминжан өзиниң һəқиқий шаир екəнлигини дəлилəп, акиси, роһий азапта қалған Абдумежит Дөлəтовни қоллашни билди. Қоллапла қалмай, униң билəн биллила иштин кəтти. «Иш дегəн у паскиничилиқ, сатқунлуқ болса, ишлимəймəн, ач қалмасмəн» дəп та мошу күнгичə һеч йəрдə ишлимиди. Яратқан егəм «бир балиниму, он балиниму бақиду, ач қоймайду» дегини раст екəн. Иминжан өзиниң таланти түпəйли «Дəрвишлəр» топи билəн иждадий һəмкарлиққа олтирип, көплигəн нахшиларниң мəтинини йезип, акиси, устази Абдумежит Дөлəтовниң изини өчəрмəй та мошу кəмгичə «Дəрвишни» қоллап келиватиду. Топниң бəдий рəһбири, бийил елимиз президенти Қасым-Жомарт Тоқаевниң қолидин «Қазақстанниң хизмəт көрсəткəн əрбаби» унванини тапшуруп алған Дилмурат Баһаровқа беғишлиған:

...Сəн шагирти Мансур Сағат акиниң,
Мəн қанити Абдумежит акиниң.
Шу жанларниң роһи йөлəп турғанда,
Үни өчмəс биз яратқан нахшиниң...–

дəп йезилған қурлар сөзимизгə гува.

Əгəр шу еғир дəқиқилəрдə Иминжан иштa келип, Сирдаш акисини қоллимиған болса немə болатти? Бу соалға Иминжан һəсһəслинип туруп: «ака, у чағда мениң оғул бала, шаир болғиним қени?» дейиши һелиму көз алдимда туриду. Униң бу сөзлирини, қол шилтиш һəрикитини классик шаиримиз Лутпулла Мутəллипниң өлүм алдидики ахирқи дəқиқилири билəн селиштурдум. «Жавхəнжи Мутəллипни өзиниң алдиға кəлтүрүп: «Сəн техи яш, талантлиқ язғучисəн, сениң уйғур хəлқигə ишлəйдиған вақтиң алдиңда, əнди өз нийитиңдин қайт! Əгəр сəн һазир болсиму товва қилсаң, кəчүрүм қилимиз– дəйду. Бирақ Мутəллип ғəзəплик чирайи билəн һүрпийип туруп: «Гоминданчи жанаплири, билип қоюңларки, Йəр бизниң, Вəтəн бизниң, Хəлиқ бизниң. Муқəддəс Вəтинимизни сəнлəрниң ихтиярича дəпсəндə қилишиңларға йол қоюлмайду, сəнлəр бу вəтəндин кəтмигичə, биз бир саатму күришимизни тохтатмаймиз. Биз тарихтики мустəқиллигимизни тиклəш үчүн һаман күрəш қилимиз. Бу күрəш һеч қачан тохтап қалмайду. Шуниң үчүн биз мошу кишилəр билəн күрəшкə атланған, əнди атамсəн, чапамсəн, қолуңдин кəлгинини қил», –дəйду. Классигимиз Лутпулла Мутəллип билəн Иминжанниң ағзидин чиққан сөзлəрни селиштуруп келип шаир дегəн инсанларға болған һөрмитим техиму ашқанлиғини мошу қурлар арқилиқ йəткүзмəкчимəн. Мəн бүгүнки мақалəмгə шаирлар, Л. Мутəллип, И. Бəхтия, М. Мақатаев, А. Дөлəтовлар исминиң қатариға И. Тохтияровни қошуп йезиватимəн. Немишкə? Чүнки Иминжан шуниңға лайиқ.

Иминжан Исмайил оғли Тохтияров 1962-жили, 8-февральда Ғулжа вилайити Желилйүзи наһийəсигə қарашлиқ Қишлақтам йезисида дунияға кəлгəн. 1979-жили һазирқи Əмгəкчиқазақ наһийəси Байсейит йезисидики оттура мəктəпни түгитип, йезиш таланти, шаирлиқ тəлпүнүши түпəйли 1987–1993-жиллири Челəк наһийəлик «Əмгəк туғи» гезитида ишлəйду. Əл-Фарабий намидики Дөлəт университетиниң журналистика факультетини сирттин оқуп тамамлайду. 1993–2010-жиллири жумһурийəтлик «Уйғур авази» гезитиниң Əмгəкчиқазақ наһийəси бойичə өз мухбири болуп ишлəйду. 200гə йеқин шеирлири нахша мəтинигə айлинип, дунияни чарлап ейтилип кəлмəктə. Иминжан Тохтияров Қазақстан Язғучилар иттипақиниң əзаси. Əмгəкчиқазақ наһийəсиниң «Пəхрий пухраси». Аяли Гүлбəһрəм билəн бир қиз, үч оғулни жəмийитимизниң лайиқ избасарлири қилип тəрбийилəп қатарға қошқан. Əндиликтə шаирниң илһам мəнбəси өсүп келиватқан нəврилири болмақта. Уларни мəктəпкə апирип, əкилиш бовиси Иминжанниң йəлкисигə йəнила жүклəнгəн. Бу ишларға қошумчə, Иминжан, кичик пейиллиғи түпəйли, бийилдин башлап жумһурийəтлик «Или өңірі»–«Или вадиси» гезитиниң Əмгəкчиқазақ наһийəси бойичə өз мухбири хизмитини атқурушқа киришти. У–йəнила иждат қайнимида...

***АВУТ МƏСИМОВ***,
язғучи,шаир,
Қазақстан Язғучилар
иттипақиниң əзаси.

# بېيجىڭ ئولىمپىئادا ئۆتكۈزۈلدى



كۆپلىگەن دېموكراتىك ئەللەرنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە بايقوت قىلىشىغا، شۇنداقلا خەلقارالىق كىشىلىك ھوقوق تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر، تىبەت، خوڭكوڭ، تەيۋەن، موڭغۇل تەشكىلاتلىرىنىڭ يەرشارىۋىي خاراكتېرلىك كۈچلۈك نارازىلىقىغا ئۇچراپ كەلگەن 2022 - يىللىق بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 4 - فېۋرال كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 20:00 دە ناھايىتى ئاز ساندىكى غەيرى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنىڭ قاتنىشىشىدا ئۆتكۈزۈلدى.

خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە بۈگۈنكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاران 21 دۆلەتنىڭ رەھبىرى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى روسىيە پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىن، پاكىستان باش مىنىستىرى ئىمران خاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاكىممۇتلەق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىبارەت.

چەتئەللىك سەياسى كۈزەتكۈچىلەر، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلىدە بۇ قېتىمقى ئولىمپىك ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان سەياسى ۋە ئىقتىسادى مەقسەتلىرىگە ئەسلا يېتەلمىگەنلىكىنى، بۈگۈن باشلانغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى خىتاينى مەيلى سەياسىي جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئىقتىسادى جەھەتتىن بولسۇن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان بىر تارىخىي ئولىمپىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشماقتا.

چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئەسلىدە بۇ قېتىمقى ئولىمپىك يىغىنىغا 3 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئامما بۇ قېتىمقى ئولىمپىك يىغىنىنىڭ ئومۇمىي چىقىمى 38 مىليارد 500 مىليون يۈئەندىن ئېشىپ كېتىپ خىتايغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر يۈك كەلتۈرگەن.

ئۇندىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە ئۆزىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولغان ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بېيجىڭدىكى مۇسابىقىغە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىك ھەر بىر تەنھەركەتچىگە قىممىتى مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىغان يانفون، ئۈزۈك، ھالقا قاتارلىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى خۇ'ئا چۈنيىڭنىڭ ئېلان قىلغان تىزىملىككە قارىغاندا، 4 - فېۋرال باشلانغان بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئەۋەتكەن دۆلەتلەر روسىيە بىلەن پاكىستاندىن سىرت، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، قاتار، مىسىر، كامبودژا ۋە سېربىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئولىمپىكنى سىياسىيلاشتۇرماسلىقنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ تەرىپىدىن "1 - ئىيۇل ئالىي مېدالى" بىلەن مۇكاپاتلاتقان غۇلجا ناھىيەسى ئونيار يېزىسى بولۇكەي كەنتىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى مەمەتجان ئۆمەرنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مەشئىلىنى كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلاندى.

خىتاينىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەشئەل يەتكۈزۈش پائالىيىتىدە 1200 مەشئەل يەتكۈزگۈچى بولۇپ، مەمەتجان ئۆمەر 2 - فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن سائات 1 ئەتراپىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەن. ھالبۇكى، ئاساسەن تەنتەربىيە ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە تۆھپە قوشقان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان مەشئەلچىلەر ئارىسىدىكى بۇ ئۇيغۇر مەشئەلچىنىڭ بولسا تەنتەربىيە ساھەسى بىلەن قىلچىلىكمۇ ئالاقىسى بولمىغان، ئەكسىچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىدا ئاكتىپ رول ئالغان كىشى بولۇشى كۈزەتكۈچىلەرنىڭمۇ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان نۇختىلارنىڭ بىرى بولدى.

"ۋاشىنگتون پوچتىسى" گېزىتىنىڭ 2 - فېۋرال كۈنىدىكى خەۋىرىدە ئەڭ ئاز ئىككى غەرىپ دۆلىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلەر كوماندىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى سەۋەپلىك بېيجىڭدىكى مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىمىنى بايقوت قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىنغان ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنىنى دىپلوماتىك بايقوت قىلىش قارارى ئالمىغان گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدىن ناھايىتى ئۈمۈتلەنگەن ئىدى، كىشىلىك ھوقوق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن خىتايپەرەسلىك بىلەن ئەيىپلىنىپ كەلگەن گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى ئولاف سچولز ئەپەندى ئولىمپىك يىغىنىغا ئىككى كۈن قالغاندا تۇيۇقسىزلا بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى جاكارلاش ئارقىلىق خىتايغا دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېغىر بىر زەربە بەردى. ئۇندىن بۇرۇنمۇ گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاننالېنا بائەربوكاك خانىم بىلەن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى نانكي فائەسەر خانىم ئوخشاش كۈندە بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىگە قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇندىن باشقا 4 - فېۋرال كۈنى گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىدا «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا بېيجىڭ ئولىمپىگى ماھىيەتتە بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئويۇنى دەپ كۆرسەتتى» سەرلەۋھەلىك چوڭ ھەجىملىك زىيارەت خاتىرىسى ئېلان قىلىندى ۋە مەزكۇر ماقالىدا دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سەياستى قايتا يورۇتۇپ بېرىلدى.

خىتايغا يەنە بىر زەربە ئولىمپىك باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ھىندىستاندىن كەلدى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى 3 - فېۋرال بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 - يىلى 6 - ئايدا گالۋان ۋادىسىدا خىتاي - ھىندىستان چېگرا قوغداش ئەسكەرلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق توقۇنۇشقا قاتناشقان خىتاي ئەسكىرىنى بۇ قېتىملىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ مەشئەلچىسى قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ قېتىمقى ئولىمپىككە دىپلوماتىك بايقوت ئېلان قىلغىنىنى جاكارلىدى.

4 - فېۋرال باشلانغان 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئالدىدا يەنە تىۋىتتېر قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا "ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى كۆرمەيمىز" ناملىق "خەشتەگ ھەرىكىتى" باشلانغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتتە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى كۆرمەسلىگى ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ ھەم شۇنداقلا مۇسابىقىنى ئۇلاپ تارقىتىۋاتقان تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ "ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى" دىن پايدا ئالالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى چاقىرىقى قىلىنماقتا.

ئۇندىن باشقا يەنە 3 - فېۋرال كۈنى ياۋروپا موسۇلمانلار مۇنبىرى ۋە ئۇنىڭ ئەنگىلىيە قاتارلىق دۆۋلەتلەردىكى شۆبىلىرىمۇ مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قاتتىق ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، 4 - فېۋرال باشلانغان 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقوت قىلىدىغانلىقىنى يەنە قايتا جاكارلىدى.

چەتئەللەردىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ، پىداكار سەياسى پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ ۋە جەسۇر خەلقىمىزنىڭ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقوت قىلىش مەقسىتىدە تىنىمسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان نارازىلىق ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە بۈگۈن بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقوت قىلىش ھەرىكىتى خەلقئارالىق زور بىر ھەرىكەتكە ئايلاندى. خەلقئارا سەھنىلەردە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى بىلەن بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى بىرگە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھالغا كەلدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، تىبەت ۋە باشقا كىشىلىك ھوقوق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن قۇرۇپ چىقىلغان «2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقوت قىلىش ئىتتىپاقى» غا قاتناشقان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بۈگۈن 200 دىن ئېشىپ كەتتى. بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى دۇنيا مىقياسىدا بايقوت قىلىش ھەرىكىتى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادا تېخىمۇ يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ۋەسىلە بولدى، بۈگۈن بېيجىڭدا باشلانغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ياكى دىپلوماتىك بايقوت قىلىش مەسىلىسى بۈگۈن كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ھەم غەرب قىممەت قارىشى نۇقتىسىدىن غەرب دۆلەتلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر سىناقلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى، ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، لىتۋا، بېلگىيە، ئاۋستىرىيە، ھىندىستان، گېرمانىيە قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەر 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقوت قىلغانلىقىنى ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بۇ مۇسابىقىغا دۆلەت رەھبەرلىرىنى قاتناشتۇرمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دۇنيا تونۇلغان چەتئەللىك بەزى ھەققەتپەرۋەر تەنھەركەتچىلەرمۇ مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قاتتىق ئەيىپلەشكە باشلىدى!

مانا بۇ نەتىجىلەر چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋە پىداكار خەلقىمىزنىڭ ئىسسىق - سوغۇققا، ھېرىش - چارچاشقا قارىماي ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

# ЙЕЗА ЖАМАИТИНИҢ ҺӨРМӘТЛИК АҚСАҚИЛИ

Бу қисқа мақалида Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, «Восток» йезисиниң турғуни, һөрмәтлик ақсақилимиз Дарвақулов Алимжан Мәхпир оғли тоғрисида гәп болмақчи. Мошу, 2022-жили, 20 февралда жамаитимизниң актив әзаси, һөрмәтлик ақсақаллиримизниң бири, акимиз Алимжан Мәхпир оғли шанлик 80 яшқа кирди.

У 1942-жили, Ғулжа наһийәсиниң Мазар йезисида дехан аилисидә туғулған. Он яшқа кәлгәндә диний оқушқа қизиқип, дадисидин тәлим алған. Кейин, 1957-1959-жиллири шу йезиниң атақлиқ қарими Илхан қари дегән адәмдә оқуған.

Андин, 1962-жили Совет Иттипақиға чиқип, Яркәнт шәһиригә қарашлиқ Пәнжим йезисида яшиған вә шу йәрдә трактористлиқни оқуп, ишлигән. Андин 1984-жили Аламедин райониниң Лебединовка йезисиға көчүп келип, «Достуқ» колхозида суғатчи болуп ишлиди. 1986-жилидин бери «Восток» йезисиға көчүп келип яшавати-



Дарвақулов
Алимжан Мәхпир оғли

ду. Шу жилдин тартип, жамаәтниң тәливи бойичә, 2008-жилиғичә 22 жил мошу йеза мечитиниң имами болған. Кейин у имамлиқни яшларға өткүзүп бәргән. Һазирқи күндә болса у яшлар билән мәшрәп ойнаватиду, яшларға мәшрәп қандилирини үгитип кәлмәктә. Һазир болса униң 18 нәврә, 3 чәвриси бар.

Мошу 2022-жили, қәдирдан, сөйүмлүк акимиз вә ақсақилимиз Алимжан Мәхпир оғлиниң һөрмәтлик һәдимиз Рәбийәм Заирова билән турмуш қурғанлиғиға 51 жил толиду.

Рабийәм һәдимизму Уйғуристанда 1947-жили туғулған (Ғулжа наһийәси, Дашигүр йезиси). Йезимизниң, жамаәтчилигимизниң илғар, актив әзаси, һөрмәтлик акимиз, ақсақилимиз Алимжан Мәхпир оғлиниң туғулған күниниң 80 жиллиқ тәвәллуди мунасивити билән чин қәлбимиздин тәбрикләймиз! Униңға тән-саламәтлик, узун-өмүр, аилисигә паравәнлик вә бәхит-саадәтләрни тиләймиз.

***Аяли, оғул-қизлири, уруқ-туққанлири, «Восток» йеза жамаити вә мәшрәп әһли намидин Абдуваһап Мәхпир оғли***



*«Восток» йезисинин жамаити*

# КӨП ЖИЛ ЖАМАӘТ ХИЗМИТИДӘ

Һәр бир инсан өз өмүридә өзиниң шәхсий қизиқчилиғи билән әмәс, у өз хәлқигә, жамаәткә қарита тутқан мунасивити арқилиқла тонулиду вә аз болсиму, яки көп болсиму хәлиқ, жамаәт ичидә аброй-һөрмәткә егә болиду. Чүнки, бундақ инсанлар өзлириниң шәхсий ишлиридин ташқири жамаәт ишлириғиму як демәй қатнишиду. Мана мошундақ кишиләр хәлқимиз, жамаитимиз арисида аз әмәс. Көп әсирләрдин буян хәлқимизниң ичидә мәһәллиләрни башқуруш ишлирида жигитбешилиримизниң роли чоң болған вә һазирму чоң. Бу ата-бовилиримиздин тартип давамлишип келиватқан хәлқимизниң әң яхши миллий әнъәнилиридур. Бу мақалида мән Бишкәк шәһириниң 5,6,7,11,12 вә «Асанбай» микрорайонлирида көп жиллардин бери бу районлардики уйғур жамаитиниң жигитбеши лавазимини атқуруп келиватқан «Асанбай» микрорайониниң турғуни Аширов Сабиржан Сабит оғли тоғрисида қисқичә тохталмақчимән. Мошу жилниң 15- январь күни Сабиржан Сабит оғли қутлуқ 75 яшқа кирди. У 2010-жилдин башлап жигитбеши сүпитидә жуқурида ейтилған микрорайонларда һармай-талмай уйғур жамаәтчилигидә жигитбеши сүпитидә яхши паалийәт өткүзүп келиватқан, «Иттипақ» гезитимизгә муштири топлаш вә уни тарқитиш ишлириғиму яхши арилишип келиватқан илғар жигитбешилиримизниң бири болуп һесаплиниду.

Сабиржан 1947-жили Ғулжа шәһириниң Дөң мәһәллисидә туғулған. У аилиси билән 1963-жили вәтәнни тәрк етип, сабиқ Совет Иттипақиға, йәни Қазақстанниң Жамбул вилайитиниң «Кенеш» совхозиға көчүп чиққан. 7 айдин кейин, (һазирқи Иссиқ-Ата наһийәси) «Алға» колхозиға көчүп келиду.



*Аширов Сабиржан Сабит оғли*

1970-жилида Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә көчүп кәлгән. 1968-жили 7-синипни тамамлап, шу жили ишчи яшлар мәктивиниң 8-синипиға оқушқа чүшиду. 1968-1970-жилларда Тоқмақ шәһиридики кәң көләмлик мутәхәссисләрни тәйярлайдиған №4 училищеда оқуп шопурлуқ кәспини алиду.

1970-1973-жилларда болса, өзиниң биринчи әмгәк паалийитини «Қыргызгипровод» мәһкимисидә шопурлуқ кәспи билән башлайду.

1973-1991-жилларда Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһириниң №1 таксопаркида такси шопури вә таксистларниң шопур-бригадири болуп ишлиди. Сабиржан жуқурида өзи ишлигән мәһкимиләр рәһбәрлигиниң көплигән пәхрий ярлиқлирини вә тәшәккүрнамилирини алған.

1992-2012-жилларда тижарәт саһасида ишлиди. Сабиржан 2013-жилидин тартип пенсиядә.

Пенсиягә чиққиниға қаримай, у һазир «Ак-Жорго» гараж кооперативиниң қоғдаш хизмитидә ишләватиду.

Сабиржан өзиниң ишидин ташқири уйғур жамаәтчилиги ишигиму яхши арилишип кәлмәктә.

Мошу 10 жилдин ошуқ жигитбеши сүпитидә Сабиржан Сабит оғли Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити намидин бир нәччә қетим пәхрий ярлиқлар вә тәшәккүрнамилар билән мукапатланған. Сабиржан Сабит оғли бәхитлик аилиниң чоңи, түвриги. Униң аяли Пәридәм – кәспи бойичә технолог, көп жил йеңгил санаәт министрлигидә ишлигән, һазир пенсиядә.

Сабиржанниң бир кизи, бир оғли вә 5 нәвриси бар.

Қизи Гөһәр кәспи бойичә ихтисатчи, Бишкәк Дөләт университетини түгәткән, һазир болса Қирғиз Республикиси, Экономика министрлигидә чоң мутәхәссис болуп ишләватиду.

Оғли Таиржан – юрист, Қирғиз адлийә академиясини түгәткән.

Биз Сабиржан Сабит оғлини туғулған күниниң 75 жиллиғи тәвәллуди билән чин жүрүгимиздин тәбрикләймиз, униңға тән-саламәтлик, узақ өмүр, аилисигә паравәнлик вә Сабиржанниң жигитбеши лавазимидики жамаәтчилик ишлири паалийәтлиригә чоң муваппәқийәтләрни тиләймиз.

***Абдурәхим Һапизи.***



گۈزەلنۇر تارىم 25 ياش، ئۈرۈمچىدىن، كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ ئەرەب تىلى، شەرئى ئىلىم، قۇرئان يادلاش قاتارلىق دىنى بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەنگەن. 2014-2017-يىللىرىدا مىسىردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. 2018 - 2020-يىللىرىدا ئىستانبۇلدا تۈرك تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە مودا كىيىم لايىھىلەش كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شەخسى بىر شىركەتنىڭ لايىھىلىگۈچىسى ۋە ئىختىيارى لايىھىلىگۈچى بولۇپ پراكتىكا قىلىش بىلەن بىرگە كۆرۈنمە لايىھىلىگۈچىسى ۋە كومپىيوتېردا كىيىم لايىھىلەش ساھەلىرىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

# كىيىنىش ۋە ياسىنىشنىڭ ئاياللارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاكتىپ ئېنېرگىيىسى ۋە گۈزەللىكنىڭ ئەھمىيىتى

دۇنيانىڭ تۇنجى ئايالى بولغان ھەزرىتى ھاۋا ئانىمىزدىن باشلاپ تا شۇ دەقىقىلەرگىچە تۇغۇلغان ھەر بىر قىز بوۋاقىچە بارلىق ئاياللار فىترىتىدە ئېستېتىك زوق بىلەن بىرلىكتە يارىتىلغان بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ ئېستېتىك بولۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاياللىقنىڭ شانى، نازاكىتى ۋە لاتاپىتىدۇر.

ئېستېتىك پەقەتلا سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ بىۋاستە گۈزەللىك مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىم نەزىرىدىن قارالغاندا يەر شارىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار، تەبىئەت ۋە ئىنسانلار بىر ئېستېتىك ئەسىرىدۇر.

ياسىنىش ۋە بېزەش ئۇقۇمى زاماندىن زامانغا، دىنى ئېتىقادلار ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە قارىتا پەرقلىق بولسىمۇ، ئاياللاردىكى گۈزەل بولۇش، گۈزەل قىلىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئارزۇسى ھېچ قاچان ئۆزگەرمىگەن بىر ئىستەكتۇر.

ئاياللىق فىترىتىدىكى ئېستېتىك ئۇقۇم، كىيىنىش ۋە ياسىنىشتىكى



ئېستېتىك، ئۆي بېزەشتىكى ئېستېتىك مۇئامىلە ۋە مىجەز خاراكتېرىدىكى ئېستېتىك دەپ بىر قانچە ئايرىم نۇقتىلارغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ مەن تۆۋەندە كىيىنىش ۋە ياسىنىشتىكى ئېستېتىكلىق ۋە بۇلارنىڭ ئاياللارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئەلۋەتتە ياسىنىش ئاياللارنىڭ فىترىتىدۇر. ئايال كىشى ياسانغاندا ۋە ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ كىيىم كىيگەندە ئۇ فىترەتنىڭ قىزغىنلىقىنى ۋە ئاياللىقنىڭ ھاياجانىنى ياشايدۇ. بۇ نۇقتىدا شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى ياسىنىش ھەرگىزمۇ مەلۇم نۇقتىدا بېكىتتۇۋېتىلگەن ئۇقۇم ئەمەس. كۈنۈمىزدىكى مەشھۇر تەرەققىياتنىڭ تەسىرى بويىچە ياسىنىشنىڭ ئۆزى قېنىق گىرىملار، رەڭلىك ۋە جەزبىلىك كىيىملەر بىلەن بېزىلىش قاتارلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش دېگەندەك جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ئاما ياسىنىش كىشىنىڭ روھىغا، خاراكتېرىگە ۋە كىملىكىگە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە كىيىنىشى، ئۆزى بىلەن قارشىلاشمىغان ئاساستا ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىشى ۋە كىيىنىش شەكلىگە بىر ئاز ئېتىبار بېرىشى، رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇش دېمەكتۇر. "ئەڭ ياسانچۇق كىشى ئۆزى بولالىغان كىشىدۇر".

گۈزەللىك ياسىنىشتىن كېلىپ چىققان باشقىلار تەرىپىدىن بۇ ياسىنىشنىڭ ئېتىراپ قىلىنغىنىنى ۋە ياخشى كۆرۈلگىنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ياسانغان ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئائىلىسى ۋە دوستلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندا ياسىنىش ئۇقۇمى جانلىنىدۇ ۋە گۈزەللىك ھاياتى كۆچكە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ.

ئاياللاردىكى ئاياللىق فىترىتىدە بار بولغان ياسىنىش، ئۆي ئىشى ۋە مىجەز خاراكتېرىدىكى ئېستېتىك ئۇقۇمى ئۆز قىممىتى بىلەن گۈزەللىك ماقامىغا يەتكەندە بۇ "گۈزەللىك" ئاياللارنىڭ ئائىلىدە بەختلىك تۇرمۇشتا كۆڭۈللۈك ۋە ئۇتۇقلۇق بىرى بولۇشغا ياردەمچى بولىدۇ

# شېئرىيەت گۈلزارى

ئۆمەر ئىمىن

## ئانا تىل قوشىقى

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
ئۇ ماڭا كىرگەن قېنىم بىلەن
ئۇنىڭسىز مەن قانداق ياشاي؟
قوغدايمەن ئۇنى جېنىم بىلەن

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنى جان ئانامدىن ئۆگەنگەن
ئېيتقاندا ئانام ئەللەي ناخشىسىنى
بۆشۈكۈمدە تاتلىق چۈشكە بۆلەنگەن.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
قەلبىمنى ئۇ ئىللىق نۇرغا ئورىغان
ئاتام مېنى مۇرىسىگە ئالغاندا
مەن ئۇنىڭدىن باتۇرلۇقنى دورىغان.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنىڭدا ئاداش - ئاداش ئوينىغان
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چاپقاندا،
مەھەللىمىزدىن ئالۋاستىنى قوغلىغان.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنىڭدا خەت - ھەرپىنى ئوقۇغان
بوۋام ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرگەندە،
سادىر بولۇپ مەن قوشاقلار توقۇغان.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن ئۇنىڭدا كانىناتتىن ئىلىم قۇچقان
سۆزلەپ بەرسە مومام ماڭا ياغاچ ئاتنى،
ياساپ مەن راكېتانى كۆكتە ئۇچقان.

ئۇيغۇر تىلى - مېنىڭ ئانا تىلىم!
مەن سېنى ئۆز جېنىمدەك كۆرىمەن،
بىر دەقىقە ئەگەر سېنى ئۇنۇتسام،
يۈز كېلەلمەي ساڭا چوقۇم ئۆلۈمەن!

غەمناكى

## جۇدالىق

شامالالاردىن بىر سېنىلا سورايمەن،
ياشلىرىمدا گۈل ئۈندۈرۈپ يۇرايمەن.
سېنى ئىزدەپ كېچىلەردە ئاھ ئۇرۇپ،
سىرلىرىڭنى يۇلتۇزلاردىن سورايمەن.

شەبنەم بولۇپ سىرغىپ چۈشتۈم يۈزۈڭگە،
ھىس قىلمىدىڭ خىيانەت قىپ كۆزۈڭگە،
مەنمۇ ئەخمەق ئىشەنگەچكە سۆزۈڭگە،
سېنى ھەر تاڭ گۈل بەرگىدىن سورايمەن.

كىرپىكىمدە قاتقان قىراۋ چوغ بولدى،
چۈشلىرىمدىن باھار كەتتى سوغ بولدى،
ئەگىز كىلىپ مەڭزىمدە چوغ يوق بولدى،
سېنى كۆيگەن يۈرەكىمدىن سورايمەن.

پىشانەم شور، بەختىم قارا بىرىسى مەن،
تەنها چۆلدە ئاشىق كىيىك كۆزى مەن،
كېچە يۇلتۇز، كۈندۈز ياشنىڭ ئۆزى مەن،
ۋىسال نېمە ھىجرانلاردىن سورايمەن.

## بىر تامچە ئۈمىد

سېنىڭ ئۇ چېھرىڭدە ياساپ گۈلىستان،
ئاندىن شۇ قەلبىڭدە ياتسام نە ئارمان.
لېۋىڭدە دەسسىلىپ ئۆلسەم پەرىشان،
كۆزۈڭنىڭ تىگىدىن كۆرۈندى ھىجران.

سېنىڭ ئۇ چېچىڭغا ئېسىلىپ ئۆلسەم،
باغرىڭدا مىجلىپ قىينىلىپ ئۆلسەم،
يېشىڭغا بىلىقتەك چۆمۈلۈپ ئۆلسەم،
بارمىدۇر قويىنىغا ئالار قەبرىستان.

سېنىڭ ئۇ قېشىڭدا ئولتۇرسام غەمكىن،
بىر جۈپ گۈل مەڭزىڭدە ئېچىلسا گۈلگۈن،
زۇلمەتلىك كېچىدە سەن ئۇنى سۆيگىن،
ملك پارە يۈلتۈزدىن ئىزدىگىن دەرمان.

سېنىڭ ئۇ كۆزۈڭدە شەبنەم ئاتالسام،
ئۇقيادەك كىرپىكىكە بىر-بىر قادالسام،
مەيلىدى تامچىلاپ باغرىڭغا قانسام،
شۇنچىلىك ئۈمىدكە يوقمۇ ھېچ ئىمكان.

# История села Чат - Куль







Предлагаем нашим читателям вспомнить наших сторожил села Чат-Куль, уважаемых людей, тружениц села. Многие уже переехали из села Чат-Куль, некоторых уже нет в живых. Но их дети и внуки помнят о них, их рассказы - как дружно они жили в те года. Например: осталась у нас в памяти Сарыхан чон апа, и ее дети: Чивяр, Хурниса, Умгульсум, Абдугани, Абдували, Диляприз, Рабягуль, Гульбахра, Тухан, Тунса. Одно из этих воспоминаний сохранилось в газетной вырезке, в моем архиве, Материале опубликованный в газете «Советская Киргизия» от *1 января 1986 года.*,автор статьи В. Трофимов, в котором рассказывалось об улице Восточной, села Чат-Куль, Сокулукского района.

В данном материале говорится:

«На ней дружной семьей живут люди десяти национальностей и народностей. Публикация газеты стало толчком для проведения праздника улицы. По инициативе жителей Восточной и родилась в селе Чат-Куль новая традиция...

...Радовалась Сарыхан, глядя на праздничную улицу, счастливых земляков, детей и внуков. Вспомнила, как совсем молодой, в числе двадцати уйгурских семей, приехала она в колхоз «Дружба»... Что было это тридцать лет назад. В колхозе, что летняя страда, не хватало рабочих рук. И в это трудное время прибывших поддержали все жители села, приютив на первое время в колхозном клубе, в помещении правления, в своих домах. Тогда в Чат-Куле было объявлено о начале «хашара» - народной стройки. в свободное от работы время делали саман, выписывали и сколачивали двери, окна, каркасы крыши. Один за другим поднимались новые пятистенки, крытые черепицей, хотя в то время в Чаткуле половина крыш были камышовыми. К осени все двадцать домов приняли счастливых новосёлов.

...Сарыхан не могла сдержать слёз: на улицу, в её дом пришел праздник! Рядом - уже взрослые дети, внуки, подруги, соседи... Летом Восточная утопает в зелени, а сейчас вся светится праздничным нарядом, транспарантами: «Добро пожаловать!», «Кош келиниздер!» Арка входа на улицу украшена цветами, воздушными шарами. Счастливые, нарядные жители сердечно встречают дорогих гостей хлебом-солью. Пришло на праздник почти всё село: делегации от улицы имени Ленина, Украинской, Первомайской, Почтовой, Набережной... Вспомнились прожитые годы... Некогда отсталый колхоз вырос в мощное многоотраслевое хозяйство, оснащенное техникой, с высоким урожаем зерновых и кормовых культур, с рентабельным животноводством, миллионными прибылями. А Чат-Куль стал одним из самых красивых и уютных сел Чуйской долины, с прекрасным дворцом культуры, с заасфальтированными, освященными улицами. И неудивительно, ведь колхозом руководят молодые специалисты, хорошо знающие производство, уважающие труд земледельца.

... А на улице-праздник! Веселье, музыка, песни... И молодёжь, и аксакалы не могут удержаться, вступают в круг: задорные русские пляски сменяются плавными уйгурскими и грациозными киргизскими народными танцами... Пустились в пляс свекловичница Надежда Бондарчук и воспитатель детского сада Таляйхан Хасанова (на первом снимке). Знакомые и незнакомые люди подходят к Сарыхан, поздравляют, желаю счастья. Её приглашает на эстраду. Председатель сельсовета Каналбек Садыров вручает ей диплом «Почётный житель улицы Восточной». Почётного звания удостаиваются ветеран войны, кавалер ордена Ленина Василий Филиппович Буданов, ветеран труда Надежда Яковлевна Коломиец. Невелика Восточная – пятьдесят пять дворов. Живут здесь полеводы, животноводы, механизаторы, учителя, медики и строители.

- Нет такой сферы колхозного производства, где бы ни трудились жители вашей улицы, - говорит председатель колхоза Александр Васильевич Слинко. И сегодня, в день её юбилея, мы в первую очередь отмечаем тех, кто своим трудом вносят большой вклад в укрепление экономики колхоза, в развитии культуры села. Почетными грамотами награждаются передовой токарь Мухамеджан Хасанов, доярка Надежда Темирбулатова, свекловичница Халбубу Батаджиева, шофёр Абдумажид Абдумасиев, воспитатель детского сада Наталья Тищенко... К празднику артисты художественной самодеятельности подготовили концерт. А затем гостей приглашают к столу. Во дворе Сарыхан - огромный шатер. Дымится на блюдах душистый плов, на столах фрукты, сладости, лепёшки. По восточному обычаю подаётся традиционный чай в изящных пиалах. Течёт неторопливая беседа... А праздник переходит на колхозный стадион. Здесь инструктор по спорту Саша Косицын организует интересные конкурсы, состязание, в которых принимают участие вся молодёжь. Со смехом, шутками перетягивают канат, соревнуются в силе колхозные богатыри, а мальчишки тут же азартно играют в любимый футбол. На славу выдался праздник улицы. Долго будут помнить о нём на селе. По единодушному мнению, такие праздники решено проводить ежегодно. В селе уже растёт новая улица. У неё пока ещё нет названия: два десятка квартир готовятся к сдаче.»

*На первом фото 1986 года:* Таляйхан Хасанова (в центре)

На втором фото:
Сарыхан чоң апа Айсаева (сидит, третья слева), Рәвәм Мусаева, Мәрәшхандәм Алахунова, Мәрәшхандәм Исмаилова, Хельчәм Батаҗиева, Һөрихан Шагидова, Сарә Һәмраева, Тунса апа Алимова, Хельчәм Юнусханова и Исмаилова Зөрә

На третьем фото 2019 года, слева направо:
Һөрнисәм Айсаева, Айбү Абдумасиева, Турсунай Батаҗиева Зөхрә Умарова, Майнур Мусаева, Патигүл Айсаева, Гульнарә Айсаева, Тохтихан Мусабаева, Үмгүсүм Итакова, Тәләйхан Итакова.

**Материал подготовил Эркин Мусаев. Фото из личного архива автора.**
**с.Чат-Куль.**

# ЛУЧШИЙ БОКСЁР г. БИШКЕК



Мы от всей души поздравляем нашего соотечественника, молодого, перспективного спортсмена Анваржана Хаджиева с признанием его «Лучшего боксёра г.Бишкек 2021 года».

Анваржан родился в 2002 году в г.Бишкек, ныне проживает в с.Комсомольское Сокулукского района Чуйской области.

С 15 лет начал заниматься боксом в спортивном клубе «Рослов» города Бишкек под руководством личного тренера Владимира Рослова. С 2017 года принимают участие в различных спортивных соревнованиях по боксу (чемпионат республики, международные турниры, чемпионаты Азии).

В 2017 году занял 1-е место в международном турнире в г.Талас (Кыргызстан), где принимали участие спортсмены из Казахстана, Кыргызстана, России, Узбекистана, Таджикистана. 2018 году стал чемпионом Казахстана в весовой категории до 44 кг среди юношей в г.Канте. 5-кратный чемпион г.Бишкек по боксу (2017-2021гг).

Анваржан в 2021 году был признан спортивным обществом г. Бишкек лучшим боксёром г Бишкек своей весовой категории. Участник чемпионата мира по боксу среди молодёжи в г.Кьельце (Польша).

В сборной команде Кыргызстана по боксу его готовили к соревнованиям тренера: Тологон уулу Данияр (главный тренер сборной Кыргызстана), Улан Сагынбаев (старший тренер) и Талантбек Арзиев (тренер). Личными тренерами Анваржана с 2017 года являются Владимир Рослов и его сын Владимир (младший).

На данный момент Анваржан готовится к традиционному международному турниру по боксу, посвящённый герою Советского Союза Дуйшенкулу Шопокову, который пройдёт в марте текущего года в г.Бишкек. Анваржан из дружной семьи Ходжиевых. Отец Анваржана - Насыржан, опытный водитель-дальнобойщик, мать - Гузяля, работает в швейном производстве, сестрёнка - Санавар учится в 10 классе средней школы с. Комсомольское.

С детских лет Анваржан своим трудолюбием и упорством достиг больших спортивных успехов и впереди у него большое спортивное будущее.

На мой вопрос: «Какие у тебя в дальнейшем спортивные планы?». Он ответил, так: «Стать успешным профессиональным боксёром и участвовать в Парижской летней Олимпиаде 2024 года и завоевать Олимпийскую медаль».

*Мы поздравляем Анваржана Хаджиева со званием «Лучшего боксёра г.Бишкек» и от всей души желаем ему, чтобы его мечты и планы осуществились во благо спортивных достижений Кыргызстана!*

**Абдурахим Хапизов.**
*Фото автора и из личного архива Анваржана Хаджиева.*



# ТӘЗИЙӘЛӘР



Қара-Балта шәһиринин турғуни, жамаәт ичидә, Қирғизстанда тонудған нахшичи-сазәндә ***ПӘЙЗУЛЛА ӘЗИМЖАН ОҒЛИ ТЕМИРБЕКОВ*** вапат болди.

Пәйзулла Әзимжан оғли «Иттипақ» жәмийити қурулғандин бери жәмийитимиз уюштурған мәрикиләргә мүмкүнчилигиниң баричә актив қатнашқан инсан еди. У өз пәйтидә Қара-Балта шәһиридә тәшкил қилинған уйғур яшлириниң нахша-уссул группилириниң бәдий рәһбири болған вә яшлиримизниң уйғур сәнъитигә болған қизиқишиға өзиниң чоң һәссисини қошқан.

Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, қомикериндашлириға, яру-бурадәрлиригә чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумниң ятқан йери жәннәттә болсун, Амин!

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити***
***Қара-Балта шәһириниң уйғур жамаити.***



*30 января 2022 года скончался*

***КЕНЧИБАЕВ НАДЖАТ ХАМИТОВИЧ***

*В связи с его кончиной мы приносим глубокое соболезнование семье и родственникам покойного.*

*Пусть земля ему будет пухом.*

***Родственники и друзья***

# В Бишкеке отметили Всемирный день платка

В Бишкеке в седьмой раз прошло торжественное мероприятие в честь Всемирного дня платка.

В Национальной филармонии имени Токтогула Сатылганова в очередной раз состоялось масштабное и уникальное мероприятие, приуроченное к Всемирному дню платка. Состоялось торжественное награждение гражданских активистов и представителей СМИ в нескольких номинациях.

«Организатором данного мероприятия выступает исламский журнал «Умма». В 2019 году за вклад в установление диалога между женщинами разных вероисповеданий, национальностей, воззрений, просветительскую деятельность, продвижение равенства прав и возможностей всех женщин издание во главе с главным редактором Элианой-Марьям Сатаровой удостоилось чести быть избранным в качестве официального посла Всемирного дня платка в Кыргызстане». Эта глобальная инициатива поддерживается миллионами женщин во всем мире и отмечается в 114 странах.

Напомним, что автором идеи Всемирного дня платка в 2014-м стала мусульманка из Нью-Йорка Назма Хан, которая в ответ на дискриминацию по религиозному признаку решила сделать первый шаг, рассказав всему миру о важности прав мусульманок на ношение платка.

**Сайт24kg.**

P.S.

*На это мероприятие были приглашены женщины из Общества уйгуров «Иттипак»: председатель Женского коммитета Общества «Иттипак» Касымова Турсунай, представительницы жен.советов ряда сел; Асиям Малабакиева, Патигуль Рахматова, Раилям Ибрагимова, Дилярамхан Салиахунова, Каминур Лованова, Зунунбуви Саитова и др.*

*Этот день надолго запомнится бишкекчанам и гостям столицы. Женщины зарядились энергией, научились новым навыкам, познакомились с культурой разных народов и окунулись в мир праздника и единства.*

# ТӘБРИКЛӘЙМИЗ!



*Һөрмәтлик*

***АБЛИМИТ МУНАҖИДДИН ҚАРИ ОҒЛИ МОЛЛАБАҚИЕВНИ***

*туғулған күнининң шанлиқ* ***80 ЖИЛЛИҚ*** *тәвәллуди билән чин жүригимиздин қизғин тәбрикләймиз!*

*Мошу мунасивәт билән Аблимит Мунаҗиддин қари оғлиға тән-саламәтлик, узун-өмүр, аилисигә параванлик вә бәхит-саадәтләрни тиләймиз.*

***Қирғизстан уйғурлирининң «Иттипақ» җәмийити***
***Новопокровка йезисининң уйғур җамаити***



*Журт ичидә һөрмәтлик ақсақал, әл хизмитидә пути йенгил, кичик пейил инсан, көйүмчан атимиз* ***АБДУМЕҖИТ ҺАҖИМ,*** *меһрибан анимиз* ***ГҮЛИ ҺАҖИМЛАРНИҢ*** *аилә қурғанлиғиға* ***50 ЖИЛ*** *толди.*

*Улар өз һаятида 2 оғул, бир қизни бу мурәккәп һаятниң әгир-тоқай соқмақлирида тоғра йол көрсүтүп, тәрбийәләп қатарға қошупла қалмай, 17 нәврини асрап чоң қилди. Биз бир Алладин уларға чиң тән сақлиқ, узун өмүр тиләп, иззәт вә һөрмәт билән пәрзәнтлик пәрзимизни ада қилишқа тиришимиз.*

*Һөрмәт билән:* ***оғуллири, қизлири, күйоғуллири, келинлири, 17 нәврилири вә 3 чәврилири.***

## «Книжные новинки»

***ВКЛАД В ИЗУЧЕНИЕ РОДНОГО ЯЗЫКА***

Недавно алматинским издательством «Мир» (Казахстан) выпущены 2 книжечки для детей под названием «Люблю мой родной язык» и «Раскраска для детей «Люблю мой родной язык» (авторы: Мерваням Мусалим и Дилзиба Бахадыр). На уйгурском языке в двух шрифтах - на кириллице и латинице.

Достоинства данных книжек состоит в том, что они богато и красочно иллюстрированы рисунками разных животных, фруктов, овощей и частей тела человека, и под каждым рисунком даются на уйгурском языке названия, наименования того или иного рисунка. Важность и нужность этих книжек является то, что они нужны тем детям, которые плохо знают свой родной язык. Также данные книжки полезны тем взрослым, которые недостаточно хорошо знают уйгурский язык.




Те, кто заинтересован в приобретении этих книжечек, может связаться по телефону: 0 555 46 14 93 (Салижан)

**РЕДАКЦИЯ**

## «Китап йеңилиқлири»

***АНА ТИЛНИ ҮГИНИДИҒАНЛАР ҮЧҮН ПАЙДИЛИҚ КИТАПЧӘ***

Йеқинда Алмута шәһирининң «Мир» нәшриятидин «Ана тилға мән амрақ» вә «Рәң бериш китави» намлиқ балилар үчүн икки уйғурчә китапчә чиқти. (китапни тәйярлиғучилар: Мерванәм Мусәлим, Дилзиба Баһадир). Бу «Ана тилға мән амрақ» китапчининң алаһидилиғи шуки, китапчә икки йезиқта (кириллчә вә латинчә) йезилған.




Бу китапчә рәңлик сөрәтләр билән бесилған болуп, һәр бир сөрәтләрдики һайванатларнинң, мевә-чевиләрнинң, көктатларнинң астида уларнинң нами вә атилиши икки йезиқта(кириллвәлатинчә)йезилған.

Бу китапнинң әһмийити вә зөрүрлиги шунинңдин ибарәтки, бу китапчә уйғур тилини яхши биләлмигән яш өсмүрләргә мөлҗәлләлгән вә айрим чоң яштики кишиләргиму уйғур тилини мукәммәл билишкә ярдәм бериду. Икки китапчининң нами «Рәң бериш китави» дәп аталған.

Бу китапларни сетивелишкә қизиққучилар төвәнки телефонға мураҗиәт қилса болиду: 0555461493 (Сәлиҗан).

**РЕДАКЦИЯ**

## «ТӘҢРИ ТАҒ САДАЛИРИ»

Уйғур радиоаңлитиши өз паалийитини башлиди.
Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат **20:40**та
**«Кырғыз радиосининң»**
FM 106.9 долқунида
аңлисаңлар болиду:

Бишкәк – Чуй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Қара-Буура – FM 103.5
Қара-Кол – FM 103.8
Җалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссиқ-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5





Благотворительный фонд
«Интизар-Ярдам»
объявляет набор на курсы
кройки и шитья девушек и женщин с 16 до 45 лет.
Обучение бесплатно по программе:
«Помощь нуждающимся»
Запись по номеру телефона: **0700 727 174**